ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

(ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

4

1986

**شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى**

(ئىجتىمائىي پەن قىسمى) ★

1986 - يىل 4 - سان

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى

(ئومۇمىي 28 سان)

# مۇندەرىجە

توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرەيلى! ..........
.......................... جۇمەخۇن نىياز 1

باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا بەزى
مۇلاھىزىلەر.......................... تىلىۋالدى ئەيسا 14

قەلب گۈزەللىكى ۋە ئېستېتىك تەربىيە ...... مۇھەممەت تۇرسۇن يالغۇزەك 28

ئەقلىيە سۆزلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە.........ئەنەيتۇللا قۇربان 37

جاپالىق يىللاردىكى جەڭگىۋار ئەدەبىيات ......... نۇرمەھەممەت زامان 50

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى توغرىسىدا......
.......................... ئەشرەپ ئابدۇللا 58

ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش دەۋرى ..........
.......................... فەن باۋلياڭ (ھاجى ياقۇپ يۇسۇپى تەرجىمىسى) 66

بەيىەنخۇ يېغىلىقى ۋە مىھربانۇ ۋاڭ ...............ئابدۇللا ئەخمىدى 84

ھىجرىيە كالىندارىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ھېسابلاش ئۇسۇلى.........
.......................... ئابدىقادىر ھاجى ياقۇپى 92

ئۇيغۇر تىلىدىكى يۈكلىمىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە رولى توغرىسىدا......
.......................... ئامىنە لېتىپ 99

چاغاتاي تىلىنىڭ سىنتاكسىس جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ......
.......................... ئابدۇرۇپ پولات 109

يېڭى پەن — ئىقتىساشۇناسلىق ئىلمىي .......... شىرىن قۇربان 115

ئىسلام تارىخ ئالىمى ئەل - تەبەرى.......................ئابلىمىت روزى 119

چاغاتاي تىلى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانى توغرىسىدا .........
.......................... ئابلىمىت ئەھەت 123

ھىجرىيە كالىندارى بىلەن مىلادىيە كالىندارىنىڭ سېلىشتۇرما جەد -
ۋىلى.......................... يۇسۇپ ئۇربىلى 128

www.uyghurkitap.com

新疆大学学报
（哲学社会科学维文版）

1986年第4期
（总第28期）

# 目　录

1、促进横向经济联系……………………………………居马洪·尼亚孜
2、谈改革价格体系的必要性……………………………提里瓦尔德·艾莎
3、心灵美与美学教育…………………………………买买提吐尔逊·沙迪克
4、浅谈格言……………………………………………艾乃吐拉·库尔班
5、艰苦岁月里的战斗文学……………………………努尔买买提·扎满
9、阿不都哈力克·维郭尔及其启蒙思想……………艾西热甫·阿不都拉
7、维吾尔族历史上的一个重要转折时期……………樊保良著　阿吉牙库夫译
8、白彦虎进疆与米里巴努王…………………………阿不都拉·阿合买迪
9、伊斯兰历的产生及换算方法………………………阿不都卡德尔·阿吉牙库比
10、维吾尔语语气词的性质及其特征…………………阿米娜·莉提甫
11、谈察哈台语句法的某些特点………………………阿不杜肉甫·甫拉提
12、新兴学科——人才学………………………………西仁·库尔班
13、伊斯兰史学家………………………………阿利·塔巴里、阿不利米提·肉孜
14、察哈台语及其形成过程……………………………阿不力米提·艾哈提
15、回历与公历对照表…………………………………玉苏甫·乌儿毕力
·新疆古今·　　哈密盖斯墓……………………………祁晓杉摄（封底）

# تۇغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرەيلى

جۇمەخۇن نىياز

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «ئېلىمىزدە ئىقتىسادى بىر قەدەر تەرەققى قىلغان رايونلار بىلەن ئانچە تەرەققى قىلمىغان رايونلار، دېڭىز ياقىلىرىدىكى رايونلار ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن چېگرا رايونلار، شەھەرلەر بىلەن يېزىلار شۇنىڭدەك ھەرقايسى ساھەلەر ۋە ھەرقايسى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا قامالنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىمىز، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىش، شەكلىنى خىلمۇ - خىل قىلىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، بىللە راۋاجلىنىش پىرىنسىپى بويىچە، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش، مەبلەغ، ئۈسكۈنە، تېخنىكا ۋە خادىملارنىڭ مۇۋاپىق ئالمىشىپ تۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەر خىل ئىقتىسادىي — تېخنىكىۋىي ھەمكارلىقنى ئالغا سۈرۈش، ھەر خىل ئىقتىسادىي ئىشلارنى بىرلىشىپ يولغا قويۇش، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ۋە ئىگىلىكنىڭ رايونلار بويىچە جايلاشتۇرۇلۇشىنى ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش يولى بىلەن، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشىمىز لازىم.» بۇ، ھازىر مەملىكەت بويىچە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان، پۈتكۈل تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى تولۇق نامايەن قىلىۋاتقان، ئەنئەنىۋىي كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تۈپ نېگىزىدىن تەۋرىتىۋاتقان توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشكە توغرا رەھبەرلىك قىلىپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سوتسىيالىستىك يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىشتا تۈپ يېتەكچى فاڭجېن. ئەمەلىيەت بۇ يېتەكچى فاڭجېننىڭ تامامەن توغرا فاڭجېن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. مەسىلەن، شەھەرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى ۋە كارخانىلارنىڭ بىر - بىرىگە ھاجەتمەنلىكى ئاساسىدا بارلىققا كەل-

www.uyghurkitap.com

گەن تۈرلۈك شەكىلدىكى بىرلەشمىلەر، 1985-يىلى مەملىكەت بويىچە 407 مىڭغا، ئۇنىڭدا ئىشلەۋاتقانلار ئۈچ مىليون 500 گە يەتكەن، «6-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ پەيدىن-پەي چوڭقۇرلىشىغا ئەگىشىپ، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقە ناھايىتى تېز راۋاجلاندى. تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 1985-يىلى مەملىكەت بويىچە ئىمزالانغان تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى 35 مىڭغا يېتىپ، 1981-يىلدىكىگە قارىغاندا ئون ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقان؛ ماددىي ئەشيالار بويىچە ھەمكارلىشىش سوممىسى 16 مىليارت يۈەندىن ئېشىپ 1981-يىلدىكىگە قارىغاندا تۆت ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقان؛ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلغان ئىقتىسادلىق خادىملار 50 مىڭغا يەتكەن. پۈتكۈل «6-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، مەملىكەت بويىچە رايونلار، تارماقلار، شەھەرلەر بىلەن شەھەرلەر، كارخانىلار بىلەن كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان ئىقتىسادىي-تېخنىكىۋىي ھەمكارلىق تۈرلىرى 70 مىڭغا، ماددىي ئەشيالار بويىچە ھەمكارلىشىش سوممىسى 34 مىليارت يۈەنگە يەتكەن. سىستېمىلار، تارماقلار چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھەرقايسى ساھە ۋە ھەرقايسى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك قاماللارنى بۇزۇپ تاشلاپ، مەبلەغ، ئۈسكۈنە، تېخنىكا ۋە ئىقتىسادلىق خادىملار قاتارلىق جەھەتلەردە ھەمكارلىشىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بۇنداق توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقە گەرچە كونا تۈزۈلمىدىكى سىستېمىلار، تارماقلار ئاجرىتىۋېتىلگەن ئېتىك ھالەتنى خېلى كۆپ دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەھەتتە ئۇزاقتىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خەلق ئىگىلىكىدىكى سىستېمىلار، تارماقلار تىك لىنىيىلىك تەۋەلىك مۇناسىۋەت بويىچە باشقۇرۇلىدىغان، بىر-بىرىنى قامال قىلىدىغان، تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقە ئۈزۈپ تاشلانغان كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە يېقىنقى يىللاردىن بېرى يەنىلا يېتەكچى رول ئويناپ كەلمەكتە. كارخانىلارنىڭ سىستېمىلار، تارماقلار چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ تۈرلۈك شەكىلدىكى توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقە ئورنىتىشىغا يول قويماسلىق، ئۇنى تۈرلۈك يوللار بىلەن توسۇش، كارخانىلاردا مەمۇرىيەتنىڭ ئارىلىشىشى تولىمۇ كۆپ ۋە ئۆلۈك بولۇپ كېتىش، يېڭى تېخنىكىنى، يېڭى ھۈنەر-سەنئەتنى، ئىقتىسادىي خەۋەرلەرنى ئۆز ئارا قامال قىلىش، ئىشىكنى بىر-بىرىگە ئېچىۋەتمەسلىك، «چوڭ ھەم مۇكەممەل بولۇش»، «كىچىك ھەم مۇكەممەل بولۇش»نى يەنىلا يولغا قويۇپ ئۆز ئالدىغا سىستېما بولۇۋېلىش بۇنىڭ مەركەزلىك ھەم ماھىيەتلىك ئىپادىسى بولۇپ، بۇنداق ھالەتنى تېزلىكتە ئۆزگەرتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، «قارار»دا بەلگىلەنگەن يېتەكچى فاڭجېن بويىچە، ھازىر پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا تېز راۋاج-

لىنىۋاتقان توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى مەركەزنىڭ «جايلار توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇشى كېرەك» دېگەن تەلىپى بويىچە توغرا يېتەكلەش، زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. بۇنداق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنتايىن زۆرۈر.

چۈنكى، بىرىنچىدىن، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ئېلىمىزنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەر يۈزلىنىش. شەھەرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەش، زىددىيەتلەرنى ئۈزلۈكسىز بايقاش، مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىش داۋامىدا ساغلام راۋاجلىنىۋاتىدۇ. كونا تۈزۈلمىدىكى ئىللەتلەرنى تەدرىجى تۈگىتىپ، جۇڭگوچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە يېڭى تۈزۈلمىگە ئاساس سېلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرتلەر پەيدىن - پەي ھازىرلىنىۋاتىدۇ. لېكىن، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بەزى زىددىيەتلەر يەنىمۇ ئاشكارىلىنىۋاتىدۇ. بۇ زىددىيەتلەر توغرا ھەل قىلىنمايدىكەن نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ. ھازىر ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا گەۋدىلىك بىر مەسىلە بولۇپ قالغان توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش بىلەن كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىزگە مەلۇم، كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە سىستېمىلار، تارماقلار ئاجرىتىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ ھەر قايسى ساھەلەر، كارخانىلار ئارا بىر - بىرىگە ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنى كەڭ يولغا قويۇپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا قاتتىق توسقۇنلۇق قىلىدىغان نۇقسانلاردىن بىرى ئىدى. ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تېخنىكىنى يۈكسەلدۈرۈشنى نىشان قىلغان، بىرلىشىش بىلەن تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى زىچ بىرلەشتۈرگەن؛ كارخانىلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق سەپلەشتۈرۈشنى نىشان قىلغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىرلىشىش بىلەن سانائەتنى ئۆزگەرتىشنى زىچ بىرلەشتۈرگەن؛ داڭدار، سۈپەتلىك، قىس ھەسۇلاتلارنى باشلامچى قىلغان، غوللۇق كارخانىلارنى تايانچ قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى بىرلىشىش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن پەن تەتقىقاتى ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىش ۋە ئوبوروت ساھەسىدىكى بىرلىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىش بارلىققا كەلدى. بۇ سىستېما، تارماق، مۈلۈكچىلىك چەك - چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، سىستېمىلار، تارماقلار، كەسپىي ساھەلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ تەلىپى بويىچە ماسلاشتۇرۇش، ياخشىلاش، مەبلەغ، خام ئەشيا، ئۈسكۈنە، تېخنىكا، ئەمگەك كۈچى قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى ۋە تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى

كەڭ كۆلەمدە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ بىر ئوبيېكتىپ تەلەپكە ئاساسەن تېخىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق سەپلەشتۈرۈپ بېرىشنى جىددى تەلەپ قىلماقتا. بۇ يىلدىكى تۈزۈلمە كونا تۈزۈلمىنىڭ ئورنىنى ئېلىشتەك تارىخىي تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇپ، چوقۇم نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. لېكىن، كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە، بولۇپمۇ پىلان تۈزۈلمىسى، مالىيە تۈزۈلمىسى، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى، ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش ۋە ئوبۇروت تۈزۈلمىسىدە يەنىلا ساقلىنىۋاتقان نۇقسانلار تۈپەيلىدىن توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىش تۈرلۈك توسقۇنلۇققا ئۇچرىماقتا. كارخانىلار، رايونلار، تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى تاۋار ئىگىلىكىگە خاس توغرا لىنىيىلىك ئالاقىنى مەمۇرى ۋاستىلار بىلەن ئۈزۈپ تاشلاش، كارخانىلاردىن تىك لىنىيىلىك مەمۇرىي تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنىڭ چەكلىمىسىدە بولۇشنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەلەپ قىلىش، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى بىلەن كارى بولماسلىق ۋە بۇنىڭغا دائىر قائىدە ـ نىزاملار بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇ مەسىلىلەر ھەل قىلىنمايدىكەن، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنى كەڭ ـ كۆلەمدە راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقە زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلمەيدىكەن، كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى نۇقسانلار تۈزۈلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېڭى تۈزۈلمە كونا تۈزۈلمىنىڭ ئورنىنى ئېلىش، كونا تۈزۈلمىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىگە ئۆزگىرىش جەريانى دەل توغرا لىنىيىلىك ئالاقىنى كەڭ راۋاجلاندۇرۇپ، سىستېمىلار، تارماقلار ئاجرىتىۋېتىلگەن ئېتىك ھالەتنى بۇزۇش جەريانى. بۇ جەريان كىشىلەرنىڭ سوبيېكتىپ ئىرادىسىگا بېقىنمايدىغان ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىك، مۇقەررەر يۈزلىنىش. 1986 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان گوۋۇيۈەننىڭ توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىدە بۇ يۈزلىنىش مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنىڭ پىرىنسىپلىرى ۋە نىشانىسى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى. بىز بۇ بىر يۈزلىنىشنى ئېنىق تونۇۋېلىپ، ئۇنى تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە يېتەكلەپ، سىياسى جەھەتتە قوللىشىمىز، ئىدىيە جەھەتتە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، سىياسەت جەھەتتە ئىلھام بېرىشىمىز، قائىدە ـ تۈزۈم جەھەتتە كاپالەتلىك قىلىشىمىز، ئەمەلىي جەھەتتە ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان قائىدە تۈزۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىمىز، بۇنىڭ بىلەن توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

ئىككىنچىدىن، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. ئېلىمىزدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۆزىنىلا تەمىنلەيدىغان ۋە يېرىم تەمىنلەيدىغان تەبىئىي ئىگىلىكتىن بىر قەدەر كەڭ كۆلەملىك

تاۋار ئىگىلىكىگە ئۆزگىرىشى، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىدىن زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە ئۆزگىرىشى ئىگىلىكىمىزنىڭ مەخسۇسلىشىشىنى، تاۋارلىشىشىنى ۋە زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سېستىمىلار، تارماقلار ۋە كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرماقتا. ھەر قايسى ئىقتىسادىي تارماقلار بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغان، بىر-بىرىگە بېقىنىدىغان، ئۆزئارا ھەمكارلاشمىسا بولمايدىغان بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلانماقتا. بۇ سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سېستىمىلار، تارماقلار ۋە مۇلۇكچىلىك چەك-چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ تارماقلار، رايونلار، كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا ئورنىتىلغان توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش بۇنىڭ جانلىق بەلگىسى. كارخانىلارنى سۈنئىي ھالدا مەمۇرىي تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە، سېستىمىلار، تارماقلار ئايرىتىۋېتىلگەن ھالەت بىلەن چەكلەپ قويۇش ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىدىكى ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىرىش سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى. تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يەنىمۇ ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. سېستىمىلار، رايونلار، كارخانىلار ئارا يولغا قويۇلۇۋاتقان توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. شۇنىڭدەك ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. بىز ئىلگىرى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى سېستىمىلار، رايونلار ئايرىتىۋېتىلگەن تىك لىنىيىلىك تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە تەشكىللىگەن ئىدۇق، ھازىرمۇ ئاساسىي جەھەتتىن شۇنداق بولماقتا. ھالبۇكى، بۇ ئىلگىرى سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى دەپ قارىلىپ كەلگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا سېستىمىلار، رايونلارنىڭ ئايرىتىۋېتىلگەنلىكى بىلەن سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇقەررەر باغلىنىش يوق. پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن سېستىمىلار، رايونلارنىڭ ئايرىتىۋېتىلگەنلىكى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇقەررەر باغلىنىش يوق. سېستىمىلار، رايونلار ئايرىتىۋېتىلگەن تىك لىنىيىلىك مەمۇرىي تەۋەلىك مۇناسىۋىتىسىزمۇ پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويغىلى، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي مەنبەئەسى ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساس قىلغان پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تارماقلار، رايونلار، كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا قاماللارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزئارا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنى يولغا قويۇپ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىجتىمائىيلاشقان سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەلىپىگە ئۇي-

www.uyghurkitap.com

غۇن بولۇپ، كارخانىلارنى سۈنئىي ھالدا مەمۇرىي تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە، سىستېمىلار، رايونلار بىلەن چەكلەپ قويۇش ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. بىزگە مەلۇم، تاۋار ئىگىلىكى سىرت بىلەن پۈتۈنلەي ئالاقە قىلمايدىغان تەبىئىي ئىگىلىككە قارىمۇ-قارشى ئىجتىمائىي ئىگىلىك شەكلى بولۇپ، ئۇ ھەر قايسى ئىقتىسادىي بىرلىكلەر ئوتتۇرىسىدا توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىدىكى ئاساسىي شەرتلەردىن بىرى، بۇنداق شەرت-شارائىت بولمىسا، تاۋار ئىگىلىكى تاۋار ئىگىلىكى بولمايدۇ. سىستېمىلار، رايونلار سۈنئىي ھالدا ئايرىتىۋېتىلگەن، تىك لىنىيىلىك مەمۇرىي تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە تەشكىللىگەن كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە زىت بولۇپ، بۇ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىشنى، بۇنىڭ بىلەن توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنى كەڭ يولغا قويۇپ، بىر تۇتاش بازار سىستېمىسىنى ۋە تەرەپ-تەرەپكە تۇتاشقان ئىقتىسادىي تورنى شەكىللەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، سىستېمىلار، رايونلار ئايرىتىۋېتىلگەن كونا تۈزۈلمە توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى كەڭ يولغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئاساسىي توسالغۇلاردىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى كەڭ راۋاجلاندۇرۇش جەريانى، ئەشۇ توسالغۇلارنى تۈگىتىپ تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانى؛ تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانى، ئەينى ۋاقىتتا يەنە توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، كونا تۈزۈلمىدىن يېڭى تۈزۈلمىگە — تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈزۈلمىگە ئۆتۈش جەريانى. دېمەك، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى راۋاجلاندۇرۇش تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى.

يۇقىرىدىكى تەھلىللىرىمىزدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشتىن ئىبارەت بۇ بىر يېڭى شەيئى، تەساددىپىلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان بولماستىن، بەلكى ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان مۇقەررەر يۈزلىنىش، كىشىلەرنىڭ ئىڭىغا بېقىنمايدىغان ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىك، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى.

كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىشنى ئاساسىي شەكىل قىلغان كۆپ شەكىللىك توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش، ئۇنىڭغا قاتناشقان ھەر قايسى تەرەپلەرگە، پۈتكۈل جەمئىيەتكە پايدىلىق. بۇنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1 . توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش كونا تۈزۈلمىگە نىسبەتەن كۈچلۈك سوققا، يېڭى تۈزۈلمىگە نىسبەتەن كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنىڭ كۈچلۈك سوققىسى ئارقىسىدا، ھازىرقى تۈزۈلمىدىكى سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ۋە جۇشقۇن ھاياتى كۈچكە ئىگە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئىللەتلەر ئومۇميۈزلۈك ئاشكارىلىنىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ زىددىيەتلەنى بايقاش، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە. بۇ نۆۋەتتە ئىسلاھاتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، شەھەرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.

2 . توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش تارماقلار، رايونلار، كارخانىلار مەبلەغ، خام ئەشيا، ئۈسكۈنە، تېخنىكا، ئەمگەك كۈچى قاتارلىق ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى تېخىمۇ مۇۋاپىق سەپلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇنداق كۆپ شەكىللىك، كۆپ مەزمۇنلۇق، كۆپ قاتلاملىق بىرلىشىش، ئومۇمەن ماسلىشىشى مۇۋاپىق بولۇش، ئۇچۇر - خەۋەر راۋان بولۇش، ئىشلەپچىرىش مۇقىم بولۇش، سېلىنىدىغان مەبلەغ ئاز بولۇش، تېخنىكا تەرەققىياتى تېز بولۇش، مەھسۇلات خىللىرى يېڭى، سۈپىتى ياخشى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى، ماددىي سەرپىياتى ئاز بولۇش، ماللىرى خېرىدارلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولىدۇ. بولۇپمۇ مۇنداق بىرلىشىشنىڭ مىكرولۇق ئۈنۈمى بىر قەدەر روشەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ماكرولۇق ئۈنۈمىمۇ خېلى روشەن بولماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش — مىكرو جەھەتتىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ماكرو جەھەتتىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پۈتكۈل ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. بۇ ھەم سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىنىڭ تەلىپىگە، قىممەت قانۇنىنىڭ تەلىپىگە، ۋاقىتنى تېجەش قانۇنىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ماددىي -

www.uyghurkitap.com

مەدەنىي ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش سوتسىيالىزىمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىنىڭ مېغىزى. خەلقنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقان ماددىي-مەدەنىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، يېتەرلىك ماددىي بايلىق بولۇشى كېرەك. بۇلار كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدىن بارلىققا كېلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم ماددىي شەرت-شارائىت — ئادەم كۈچى، ماددىي ئەشيا، مەبلەغ، تېخنىكا، بايلىق قاتارلىقلار بولۇشى كېرەك. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى راۋاجلاندۇرۇش، كارخانىلار، رايونلار، تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى مەخسۇسلاشقان ھەمكارلىققا ۋە يۇقىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ يېڭىۋاشتىن تەشكىللىنىپ، يېڭى، تېخىمۇ كۈچلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئايلىنىپ، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي بايلىقلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىرىشقا پايدىلىق. بۇ ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلىپ، يېتىشسىزلىكنى تۈگىتىشكە پايدىلىق. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش مەيدانغا كەلگەندىن بۇيان، كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىش توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنىڭ ئاساسىي شەكلى ۋە نۆۋەتتە راۋاجلاندۇرۇلىدىغان مۇھىم نۇقتا بولۇپ قالماقتا. لېكىن، كارخانىلارنىڭ ئەھۋالى ئومۇمەن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى بار، يېتىشسىزلىكمۇ بار. ئايرىم كارخانىلار شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، ھەر قايسى رايونلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىقى بار، شۇنىڭدەك يېتىشسىزلىكمۇ بار. لېكىن، كونا تۈزۈلمە تۈپەيلىدىن، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ئېتىك ھالەتتە ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى يېتىشسىزلىكى ئاسانلا يوقىتىپ قوياتتى. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى نۇرغۇن كونا كارخانىلار تېخنىكا جەھەتتە ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن، خام ئەشيا كەمچىل، ئېنېرگىيە جىددىي، زاۋۇت بىنالىرى قىستاڭ بولغاچقا، زور دەرىجىدە راۋاجلىنىشى تەس بولۇپ قالغان ئىدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى بەزى كارخانىلار خام ئەشيا، زاۋۇت بىناسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن، باشقىلارنىڭ ئۈستۈنلىكى دەل بۇلارنىڭ يېتىشسىزلىكى، بۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى دەل باشقىلارنىڭ يېتىشسىزلىكى بولۇپ قالغاچقا، ھەر قايسىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، يېڭى، تېخىمۇ قۇدرەتلىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇلمىغان ئىدى. نەتىجىدە تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن تەرەققىي تاپمىغان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى، ئىلغار كارخانىلار بىلەن ئارقىدا قالغان كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بارغانسېرى كېڭىيىپ، پەرق بارغانسېرى چوڭىيىپ كەتكەن ئىدى. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ئارقىلىق، كارخانىلار،

تارماقلار، رايونلار، كەسىپلەر ۋە مۇلۇكچىلىك چەكلىمىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، خام ئەشيا چىقىدىغان رايونلار بىلەن خام ئەشيا كەمچىل رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىش، خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىش، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى بىلەن پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىش، يەرلىك سانائەت بىلەن ھەربى سانائەت ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىش، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، سودا كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىش، قاتناش - ترانسپورت كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىش — ئىقتىسادلىق خادىملار، ماددىي بايلىق، مەبلەغ، تاۋار بويىچە بىرلىشىشتىن ئىبارەت كۆپ شەكىللىك، كۆپ مەزمۇنلۇق ئىقتىسادىي ئالاقە كەڭ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بىر - بىرىنى تولۇقلاش، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلۇپ، ئەھۋال ياخشىلاندى، بىر تەرەپلىمە ئۈستۈنلۈك ئومۇمىيۈزلۈك ئۈستۈنلۈككە، قىسمەن ئۈستۈنلۈك ئۇنىۋېرسال ئۈستۈنلۈككە ئايلاندى، بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ئايلاندى، ئىلغار كارخانىلار يەنىمۇ راۋاجلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى، ئارقىدا قالغان كارخانىلار ئالغا بېسىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى، ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان بەزى كارخانىلار يېڭىباشتىن جانلاندى، بۇنىڭ بىلەن مىكرو جەھەتتىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

4 . توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا پايدىلىق. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنىڭ راۋاجلىنىشى كەسىپلەر قۇرۇلمىسى بىلەن رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنىڭمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. چۈنكى سىستېمىلار بىلەن رايونلار ئاجرىتىۋېتىلگەن كونا تۈزۈلمە. كارخانىلارنى، تارماقلارنى ۋە رايونلارنى ئۆز ئورنىنىڭ تار مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ، «كىچىك ھەم مۇكەممەل بولۇش»، «چوڭ ھەم مۇكەممەل بولۇش» نى قوغلىشىپ، تۆۋەن سەۋىيىدە تەكرار ئىشلەپچىقىرىدىغان، تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بارىدىغان، بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي بايلىقلارنىڭ غايەت زور ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قىلىپ قويغان ئىدى. كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا كۆپ شەكىللىك توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىشنى يولغا قويۇپ، ئىختىيارلىق — ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ ھەمكارلىشىشنى قانات يايدۇرغاندىلا، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلىپ، يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىشكە پايدىلىق بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئەقىلگە مۇۋاپىق يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش سىستېمىسىنى تەشكىل قىلى-

ۋالغىلى بولىدۇ. بەزى كارخانىلار تېخنىكىدا ئىلغار، مۇستەھكەم ئەمەلىيەتتە كىچىككىنە ئىگە كارخانىلار گەۋدىسى ياكى كارخانىلار گۇرۇھى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىپ چىقىشى مۇمكىن. ھازىر بۇ بىر خىل يېڭى شەيئى سۈپىتىدە ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلمەكتە. جيالىڭ گۇرۇھى، 2 - ئاپتوموبىل سانائىتى گۇرۇھى ۋە چاڭجۇدىكى بەزى كارخانىلار بىرلەشمىسى دەل ئەشۇنداق يېڭى كارخانىلار تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنىڭ بىخى بولۇپ، ئۇلار مەمۇرىي خاراكتېردىكى شىركەتلەرگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. ئۇ-نىڭدىكى كارخانىلار ئىختىيارلىق ئاساستا بىرلىشىپ، بىر - بىرىگە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، بىر - بىرىگە تايىنىپ ئۆز-ئارا زىچ مۇناسىۋەت باغلاۋاتىدۇ، بىر - بىرىگە يېقىندىن ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى بۇنداق مۇناسىۋەت ھېلىمۇ داۋاملىق راۋاجلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇلىدىغان، تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە توغرا يېتەكلىنىدىغان بولسىلا، ئېلىمىز كارخانىلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلما جەھەتتىكى مۇۋاپىق بولماسلىق مەسىلىسىنى مۇشۇ يول ئارقىلىق بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ بىر يېڭى شەيئىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قوللىشىمىز، قوغدىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىشىمىز لازىم.

5. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە پايدىلىق. كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە سىستېمىلار، رايونلار ئاجرىتىۋېتىلگەنلىكتىن، كارخانىلار ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمەيتتى. ئىلگىرى كارخانىلارنىڭ تارماقلار، رايونلار چېگرىسىدىن ھالقىغان توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىشنى يولغا قويالمايدىغانلىقى بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ئاساسىدىكى بىرلىشىش، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى بىرلىشىش. شۇڭا ئۇ كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى لازىم. يەنى كارخانىلار بىرلىشىش - بىرلەشمەسلىكنى، قاچان - قانداق بىرلىشىشنى، بىرلەشمىگە قاتنىشىش قاتناشماسلىقنى، بىرلەشمىدە تۇرۇش - تۇرماسلىقنى، بىرلىشىش دائىرىسىنى، بىرلىشىش دەرىجىسىنى ھەر قايسى كارخانىلار ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بويىچە بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىرلىشىشنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى، بىرلىشىشكە قاتناشقان ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى باراۋەرلىك ئاساسىدا كېڭىشىپ بېكىتىش كېرەك. كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كارخانىلارنىڭ ئىختىيارلىقى بولمىغان ھەر قانداق بىرلىشىشنى ھېچكىمنىڭ زورلاپ تېڭىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ھەر قايسى تەرەپلەرگە پايدىلىق بولغان بىرلىشىشنى بۇزۇۋەتكىلى بول-

مايدۇ. كۆپچىلىك بىرلىشىشنىڭ پايدىسىنى كۆرسە، بۇ يولغا ماڭىدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك. مەيلى بىرلىشىشنى زورلاپ تېڭىش بولسۇن ياكى بىرلىشىشكە يول قويماسلىق بولسۇن ھەر ئىككىلىسى كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

6 . توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلىشقا پايدىلىق. كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى سىستېمىلار، رايونلار ئايرىتىۋېتىلگەن ئەھۋال ئاستىدا، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى، ئەمەلىيەتتە تارماقلار مۈلۈكچىلىكى، رايونلار مۈلۈكچىلىكى بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، كارخانىلار دۆلەتنىڭ «چوڭ قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش»، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كارخانىلارنىڭ «چوڭ قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش» تەك تەڭ تەقسىماتچىلىقىغا خاتىمە بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، «چوڭ قازان»نى، «تۆمۈر تاۋاق»نى چېقىۋېتىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كارخانىلار، تارماقلار، رايونلارغا يۆلىنىۋالاتتى. كارخانىلارنىڭ ھەرىكىتىنى توغرىلاش قىيىن ئىدى. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە راۋاجلىنىشى كارخانىلارنىڭ ئىچكى تەشكىلىي تۈزۈلمىرىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ھەر قايسى ئىقتىسادىي بىرلەشمىلەرگە قاتناشقان كارخانىلار نىسپىي مۇستەقىل ئىقتىسادىي گەۋدىلەر سۈپىتىدە، ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى — مەبلەغ، خام ئەشيا، ئۈسكۈنە، تېخنىكا، ئەمگەك كۈچى قاتارلىقلار بويىچە ئۆز ئارا مەبلەغ سېلىش، پاي قوشۇش جەھەتتە ئۇ كارخانىدا بۇنىڭ، بۇ كارخانىدا ئۇنىڭ بولغاچقا، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئىتى بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇرغاچقا، يەنە كېلىپ ھەر قايسى تەرەپلەر مەنپەئەتىنىڭ كونكرېت ۋەكىلى بولغاچقا، كارخانىلارنىڭ ھەرىكىتىنى توغرىلاش بىر قەدەر ئاسان بولىدۇ. بۇ تارماقلار، رايونلار، كارخانىلار ئارا تەڭ باراۋەرلىك، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئۆز ئارا ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىش بىللە راۋاجلىنىشتەك يېڭى تىپتىكى سوتسىيالىستىك مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا، بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا، بۇنىڭ بىلەن، كونا تۈزۈلمىدىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىپ كەلگەن نۇقسانلارنى پەيدىنپەي تۈگىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشىمىزگە، «7 - بەش يىللىق پىلان»نى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە گۈللىنىش دەۋرىنىڭ بالدۇر يېتىپ كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.

7 . توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى

www.uyghurkitap.com

ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى. كارخانىلارنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇش، بولۇپمۇ چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. كونا تۈزۈلمىدە كارخانىلار تىك لىنىيىلىك مەمۇرىي تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە باشقۇرۇلغاچقا، باشقۇرۇش ئىدىيىسى جەھەتتە، مۇنداق ئۈچ مەسىلە گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قالغانىدى: بىرىنچىدىن، دۆلەت كارخانىلارغا قارىتا ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش، ئىختىساسلىق خادىملار، ماددىي ئەشيالار جەھەتتە بىر تۇتاش باشقۇرۇش، ھەممىنى ھۆددىگە ئېلىۋېلىشنىڭ تەسىرى يەنىلا چوڭ بولغاچقا، دۆلەتنىڭ «چوڭ قازاننىڭ تامقىنى يېيىش»نىڭ تەسىرى تېخى تامامەن تۈگەپ كەتكىنى يوق؛ ئىككىنچىدىن، سىستېمىلار، رايونلار ئاجرىتىۋېتىلگەنلىكتىن، ئېتىك ھالەتتە باشقۇرۇلىدىغان كونا تۈزۈلمە تېخى تولۇق بۇزۇپ تاشلانغىنى يوق؛ ئۈچىنچىدىن، كارخانىلاردا «ھەم چوڭ ھەم مۇكەممەل بولۇش» ھەممە ئىشتا باشقىلارغا ھاجىتى چۈشمەيدىغان بولۇش ئىدىيىسى يەنىلا مەۋجۇت. بۇ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا زىت تەبىئىي ئىگىلىك ئىدىيىسىنىڭ تىپىك ئىپادىسى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كارخانىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنى ھەقىقىي تۈردە نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە ئىقتىسادىي گەۋدىگە، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئورنىغا ئايلاندۇرۇش، ئۇلارنى ئۆزىنى ئۆزى ئۆزگەرتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇپ بارىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش، مۇئەييەن ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار ۋەكالەتچى ئورنىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. كونا تۈزۈلمە توپەيلىدىن، ئىلگىرى كارخانىلار باراۋەرلىك، ئىختىيارلىق، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، بىرلىكتە راۋاجلىنىش ئاساسىدا توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنى يولغا قويالمىغانىدى، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى قىسقارتىپ ھوقۇقنى كارخانىلارغا چۈشۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. «شۇڭا، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، بولۇپمۇ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى چوڭ - ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش شەھەرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسىدۇر.» («قارار») توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى كەڭ يولغا قويۇش بولسا كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق.

8. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەشكە ۋە يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق. توغرا لىنىيىلىك ئىق-

تىسادىي بىرلىشىش ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماس‑
تىن، بەلكى سىياسىي جەھەتتىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ توغرا لىنىيىلىك ئىقتى‑
سادىي ئالاقىنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ بىر گەۋدىلىك مەز‑
مۇنى بولغان «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» نى تۈگىتىشكە پايدىلىق شارائىت
يارىتىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى تىپتىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈ‑
دىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي ـ تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى، ئىختىساس‑
لىق خادىملارنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەردىن
پايدىلىنىش چەكلىمىگە ئۇچرايدىغانلىقى، مەملىكىتىمىزدە مىللەتلەر ئارىسىدىكى
«ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك»نىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك
تۈزۈمىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك تارىختا شەكىللەنگەن ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى
تۈگىتىشنىڭ توغرا يولىنى ئېچىپ بەرگەن، پارتىيىمىز ئازادلىقتىن بۇيان بۇ جە‑
ھەتتە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، ئۇن يىللىق قالايمىقانچى‑
لىق مەزگىلىدە «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن پارتىيىنىڭ
مىللىي سىياسىتى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنغانلىقتىن پارتىيىمىزنىڭ بۇ جەھەت‑
تىكى تىرىشچانلىقلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلى‑
رىنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرى تېخىمۇ كۆپ ئارقىدا قالدى.
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن خەنزۇ رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى، ئاز سان‑
لىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق تېخىمۇ كېڭەيدى، «ئەمە‑
لىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. پارتىيىگە قارشى «4 كىشىلىك
گۇرۇھ»نىڭ بىر يولىلا تار ـ مار قىلىنىشى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشى، پارتىيىنىڭ
توغرا مىللىي سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى
راۋاجلاندۇرۇش، «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك»نى تۈگىتىپ، مىللەتلەرنى گۈللەن‑
دۈرۈشنى تۈپ سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يەنە مىللەتلەر
ئارىسىدىكى «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك»نى تۈگىتىشكە پايدىلىق مۇھىم سىيا‑
سەت ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى. «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەر سىزلىك»نى ھەل
قىلىشنىڭ تۈپ تەدبىرى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدە‑
نىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلى‑
رىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە
ئىقتىسادىي بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان رايونلارغا، خەنزۇ رايونلىرىنىڭكىگە يېقىن‑
لاشتۇرۇش ياكى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ نىشان ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، بۇ چاغدا

(ئاخىرى 27 ـ بەتتە)

# باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر

تەلۋالدى ئەيسا

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىز مىقياسىدا باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ھەرىكىتى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلىپ كەتتى. بۇ ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئۈنۈملۈك تەدبىر بولۇپ، ئۇ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. «قارار»دا: «ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باھا سىستېمىسىدا ئۆتكەندە ئۇزاققىچە قىممەت قانۇنىنىڭ رولىغا سەل قارالغانلىقى ۋە باشقا تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خېلى قالايمىقانچىلىقلار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى ... كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، باھانىڭ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتىنى تەڭشەش رولى بارغانسېرى روشەن گەۋدىلەنمەكتە. ئەقىلگە مۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش زۆرۈرىيىتى تېخىمۇ كۆچەيمەكتە. ھەر خىل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ، جۈملىدىن پىلان تۈزۈلمىسى ھەم ئىش ھەققى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى كۆپرەك باھا سىستېمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا باغلىق. باھا — ئەڭ ئۈنۈملۈك تەڭشەش ۋاستىسى. ئەقىلگە مۇۋاپىق باھا خەلق ئىگىلىكىنى قالايمىقانچىلىقلاردىن خالىي يول بىلەن جانلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. باھا سىستېمىسى ئىسلاھاتى پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاچقۇچ» دەپ كۆرسىتىلدى. شۇڭلاشقا نۆۋەتتىكى باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش — بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1

باھا — تاۋار قىممىتىنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىشى. بىر خىل تاۋار باھا-

سىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى — قىممىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. كاپىتالىزم شارائىتىدا باھا بازىرنىڭ تەمىنلەش-تەلەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، قىممىتىنى چۆرىدەپ ئىستىخىيىلىك ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى تۈپەيلىدىن بازارنىڭ تەمىنلەش-تەلەپ مۇناسىۋىتى ھەمىشە بىردەك بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باھا بەزىدە قىممىتىدىن يۇقىرى بولسا، بەزىدە قىممىتىدىن تۆۋەن بولىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا مۇھىم تاۋارلارنىڭ باھالىرىنى خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پىلانلىق تۈردە بەلگىلەيدۇ.

باھا سىستېمىسى بولسا ھەر خىل تاۋارلارنىڭ باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى ئورگانىك مۇناسىۋەتتىن ھاسىل بولغان تۈزۈلمىنى كۆرسىتىدۇ. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بىرلىككە كەلگەن بازارلىرىدا كۆپ خىل باھا مەۋجۇت. بۇ باھالار يەككە-يېگانە ئەمەس. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىر-بىرىنى شەرت قىلغان بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن باھا سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئېلىمىزنىڭ باھا سىستېمىسىنى باھا تۈرىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىچە بۆلۈش مۇمكىن:

1) ئوخشاش بولمىغان ئالماشتۇرۇش تۈرلىرىگە ئاساسەن شەكىللەنگەن باھا سىستېمىسى. بۇ پىلانلىق باھا (بىر تۇتاش بەلگىلەنگەن باھا ۋە تۇراقسىز باھا) ۋە پىلان سىرتىدىكى باھا (كېلىشىم باھا، بازار سودا باھاسى) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك تارماقلىرىغا ئاساسەن شەكىللەنگەن باھا سىستېمىسى. بۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسى، ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرى باھاسى، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى باھاسى، يېمەك ئىچمەك كەسپى باھاسى، ئەمگەك خىراجىتى ھەم ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرگەن سېلىشتۇرما باھا سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3) تاۋار ئالماشتۇرۇش ھالقىلىرىغا ئاساسەن شەكىللەنگەن باھا سىستېمىسى بۇ ئاساسەن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسى، يۆتكەش باھاسى، توپ سېتىش باھاسى، پارچە سېتىش باھاسى، ھەم ئۇلار ئارىسىدىكى باھا پەرقى شەكىللەندۈرگەن باھا پەرقى سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەر خىل باھا شەكلى كىشىلەرنىڭ سوبيېكتىپ ئىرادىسى بويىچە بەلگىلەنمەيدۇ. بەلكى ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي شەرت-شارائىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنى دەسسىتىشكە بولمايدۇ. دېمەك، باھا سىستېمىسى باھانىڭ ئۆزىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. باھا ئىشلەپچىقىرىش باھاسىدىن ۋۇ-

www.uyghurkitap.com

جۇتقا كەلگەچكە، قىممەت ئەتراپىدا تەۋرىنىپ تۇرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش باھاسى ۋۇجۇتقا كەلگەندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش باھاسى ئەتراپىدا تەۋرىنىپ تۇرىدۇ. تارىختا تاۋارلارنىڭ قىممىتى ئىشلەپچىقىرىش باھاسىدىن ئىلگىرى تۇرىدۇ. ئاددىي تاۋار ئىشلەپچىقىرىشتا دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتىنى ئالماشتۇرغان بولۇپ، بىر خىل ئالماشتۇرۇشتا ئۇلار ھەر خىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا سەرىپلەنگەن ئەمگەك ۋاقتىنى بىر-بىرىدىن بىر مىزان قىلاتتى. بۇ چاغدا ئالماشتۇرۇش ئومۇمەن قىممەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. ئاددىي تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كاپىتالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا ئايلىنىشى بىلەن تاۋار نۇقۇل تاۋار سۈپىتىدە ئالماشتۇرۇلماي، بەلكى كاپىتالنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئالماشتۇرۇلىدىغان بولدى. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە تاۋار تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى ئۆزىنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش باھاسى توغرىسىدىكى نەزەرىيە قىممەت قانۇنىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش باھاسى پەقەت قىممەتنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدۇر. خۇددى تاۋارنىڭ قىممىتى ئايرىم قىممەت ۋە ئىجتىمائىي قىممەت دەپ پەرقلەنگەنگە ئوخشاش تاۋارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش باھاسىمۇ ئايرىم ئىشلەپچىقىرىش باھاسى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئىگە بولىدۇ. باھا ئاساسەن تاۋارغا سىڭدۈرۈلگەن ئەمگەكنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىپادىلىنىش شەكلى كۆپ تەرەپلىمە بولغاچقا، ئۇ كۆپ تەرەپلىمە جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ. باھا سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

## 2

سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى باھا سىستېمىسى خەلق تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ خەلقنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۇ تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج باھا بىلەن سېتىۋېلىش ئىقتىدارىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ. شۇڭا مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، باھا سىستېمىسى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا ۋە ياخشىلاشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. نۆۋەتتىكى باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشمۇ ھازىرقى سېتىش بىلەن سېتىۋېلىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نامۇۋاپىقلىقنى تەڭشەشنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بۇ كونا جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، ماددىي بايلىق كەمچىل بولغان، پۇل پاخاللىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان باھانىڭ توختىماي ئۆسۈش ئەھۋالىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. شۇڭلاشقا ئەق-

گە مۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ھازىرقى مۇھىم بىر ۋەزىپە بولۇپ،
ئۇ قىممەت قانۇنىدىن ئاڭلىق پايدىلىنىپ، تاۋار باھاسىنى قىممەت ۋە تەمىنلەش
بىلەن تەلەپ مۇناسىۋىتى ئەكس ئۇتتۇرۇپ بېرىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىشنى تەلەپ
قىلىدۇ. ئاساسلىقى ئوخشاش خىلدىكى تاۋارلارنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى باھا پەرق-
نى ئايرىماسلىق مەسىلىسنى پەيدىن - پەي ھەل قىلىپ، سۈپىتى يۇقىرى تاۋارلار-
نىڭ باھاسىنى يۇقىرى قىلىش، سۈپىتى ناچار تاۋارلارنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىش،
ئوخشىمىغان تووارلار ئوتتۇردىسىدىكى سېلىشتۇرما باھادىكى نامۇۋاپىقلىقنىمۇ، بولۇپمۇ
كان مەھسۇلاتلىرى ۋە خام ئەشيا ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسىنىڭ تۆۋەن بولۇش
مەسىلىنى ھەل قىلىش، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ۋە
سېتىۋېلىش باھاسىدىكى نامۇۋاپىقلىقنى ئوڭشاپ، سېتىش باھاسىنىڭ دۆلەتنىڭ
سېتىۋېلىش باھاسىدىن تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك.

نۆۋەتتە بەزى كىشىلەر باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا تازا دېگۈدەك
جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. ئۇلار «باھا ئىسلاھاتى — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەق
قىياتىنى بوغىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىۋاتىدۇ» دەپ
ئەندىشە قىلماقتا. بۇنداق ئەنسىرەش ھاجەتسىز. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى
ۋە يىتەرلىك ماددىي مەبلەغنىڭ بولۇشى باھا سىستېمىسى ئىسلاھاتىدا مال باھا-
سىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۆرلەپ كېتىشىنى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن-
لەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدىغان ماددىي ئاساس. يولداش تيەن جيۈن:
«باھانى ئىسلاھ قىلىش ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى
ھەققانىي ئوينىغان ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرگەندىلا، شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا باھانى ئىسلاھ قىلىش پىلانلىق — كونترول قىلىنغان ھالدا ئېلىپ بېرىل-
غان ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىپ سىياسەت ۋە تەدبىر بولغاندىلا خەلق تۇرمۇشىغا تە-
سىر يەتكۈزمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بەلكى ئۇ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى-
لاشقا پايدىلىق بولىدۇ» دېگەن ئىدى. باھا سىستېمىسى ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بار-
غاندىلا، بازاردىكى مال باھاسىغا تامامەن تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى تەلەپ قىلىش
مۇمكىن ئەمەس. ئېلىمىزدە مال باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇش فاكتورىنىنى ئۇزاققىچە
ئىجرا قىلىش، يەنە كېلىپ مال باھاسىنىڭ توختۇتۇپ قويۇلۇشى بىر قىسىم يول-
داشلار ئارىسىدا «مال باھاسىغا تەككىلى بولمايدۇ» دەپ قارايدىغان ئوقۇشماس-
لىقنى پەيدا قىلدى. ئەمەلىيەتتە بولسا تاۋارنىڭ قىممەت مىقدارى ئۈزلۈكسىز
ئۆزگىرىپ تۇرغان ئىكەن، تاۋارنىڭ باھاسىغا قانداقمۇ تەگكىلى بولسۇن؟ باھا
تاۋارنىڭ قىممەت مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بىر
خىل نورمال ھادىسە بولۇپ، قىممەت قانۇنىنىڭ تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ھا-
زىرقى باھا سىستېمىسى ئىسلاھاتىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ناھايىتى

www.uyghurkitap.com

كۆپ. بەزى كان مەھسۇلاتلىرى ۋە خام ئەشيا ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى تەڭشىلىپ، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش ۋە سېتىش باھاسىدىكى ئۆلچەم ئۈستۈنلۈكىنىڭ ھەل قىلىنىشى بازاردىكى مال باھاسىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن: 1) باھا باشقۇرۇش كەڭ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان تاۋارلارنىڭ باھاسى بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. بەزىلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئۆرلەيدۇ. لېكىن باھا سىستېمىسى ئىسلاھاتى ھەرگىز مال باھاسىنىڭ كەينى-كەينىدىن ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. خەلقنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە باھا سىستېمىسى ئىسلاھاتى ۋە پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر رەتكە سېلىنغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېزلىشىپ، خەلقنىڭ ئەمەلىي كىرىمى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىگىدە ئۇدا مول-ھوسۇل ئېلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىستىمال بۇيۇملىرىنىڭ 80% ئەتراپىدىكى تۈرلىرىدە تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلاندى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن باھا سىستېمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، سېلىشتۇرما باھادىكى تۈرلۈك نامۇۋاپىق مەسىلىلەر ھەل قىلىنسا، ھەرگىز مال باھاسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كەينى-كەينىدىن ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. مال باھاسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۆرلەپ كېتىشى، ئادەتتە پۇلنىڭ تارقىلىش مىقدارى تاۋار بىلەن تەمىنلەش مىقدارىدىن ئېشىپ كەتكەندە يۈز بېرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلىنىۋاتقان ۋە ماددىي ئەشيالار كۈندىن-كۈنگە مول بولىۋاتقان شارائىتتا پۇلنىڭ تارقىلىش مىقدارىنىڭ تاۋار بىلەن تەمىنلەش مىقدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. 2) ئېلىمىز سوتسىيالىستىك دولەت، ئىشلەپچىقىرىش كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى باھا ئىسلاھاتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى يېتىدىغان مەقسىتى. شۇڭلاشقا خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش باھا سىستېمىسى ئىسلاھاتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى تۈپ ھالقا ھەم مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس تۈپ سىياسىتى. باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش — ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. شۇڭا ئۇ كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلىنىۋاتقان ۋە ماددىي بۇيۇملار

كۆنسېرى كۆپىيىۋاتقان شارائىتتا باھا سىستېمىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىس-
لاھ قىلىپ، باھا نىسبىتىدىكى تۈرلۈك نامۇۋاپىق مەسىلەرنى ھەل قىلىشىمىز
ھەرگىز مال باھاسىنىڭ ئۆستى ئۆستىلەپ ئومۇمىيۈزلۈك ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈ-
رۈپ چىقارمايدۇ. مەسىلەن: گۇاڭجۇدا ئۆتكەندە بېلىق باھاسى بەكمۇ ئۆلۈك باش-
قۇرۇلغانلىقتىن، شەھەر ئاھالىسىنىڭ بېلىق يېيىشى تولىمۇ قىيىنلىشىپ كەتكەن.
يېقىنقى يىللاردىن بۇيان گۇاڭجۇدا بېلىق باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، دەس-
لەپتە بېلىقنىڭ باھاسى ئۆرلەپ. بىر كىلوسى 3 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن بول-
سىمۇ، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بېلىق بىلەن تە-
مىنلەش مىقدارى ئاشقاندىن كېيىن، بېلىقنىڭ باھاسىمۇ تەبىئىي ھالدا چۈشكەن.
ھازىرقى مەزگىللەرگە كەلگەندە بىر كىلو بېلىقنىڭ باھاسى بىر يۈەندىن ئارتۇق-
راق بولسىمۇ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى بېلىق بىلەن تەمىنلەش ئىنتايىن تولۇق
بولغان. 3) نۆۋەتتە مەركىزىي كومىتېت نامۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قى-
لىپ، بەزى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى (چوشقا گۆشى، كالا گۆشى،
قوي گۆشى، ماي، ئاشلىق) نىڭ باھاسىنى قىسمەن ھالدا ئۆستۈرۈشنى قارار
قىلغانلىقى-بىر قىسىم كىشىلەردە «ئىش ھەققىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن مال باھاسى-
مۇ ئۆرلىدى، يەنىلا ئەمەلىيەتتە ئىش ھەققى ئۆسمىگەن بولدى» دەيدىغان مۇجە-
مەل كۆز قاراشلارنى پەيدا قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق دەپ قاراش بىر تەرەپلى-
لىمىلىك بولىدۇ. چۈنكى:① ھەر قانداق تاۋارنىڭ باھاسى شۇ تاۋارنى ئىشلەپ-
چىقىرىشتىكى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى بىلەن تەتۈر تاناسىپ بويىچە
ئۆزگىرىدۇ، يەنى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن بولسا، بىرلىك مەھ-
سۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلىنغان ئەمگەك ۋاقتى كۆپ بولغاچقا، تاۋارنىڭ
باھاسى يۇقىرى بولىدۇ. ئەكسىنچە بولغاندا تۆۋەن بولىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، نۆۋەتتە
مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا تېخى ماشىنىلىشىش ئەمەلگە ئاش-
مىغان، يەنىلا قول ئەمگىكىنى ئاساس قىلىۋاتقان شارائىتتا يېزا ئىگىلىكىنىڭ
ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى سانائەتكە سېلىشتۇرغاندا يۇقىرى دېگىلى
بولمايدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى مۇۋا-
پىق ھالدا ئۆستۈرۈش-ئەلۋەتتە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك
ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇي-
غۇن. ② تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى تاۋار باھاسىنىڭ
يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. مەركىزىي
كومىتېت باھانى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلغان يۇقىرىقى بىر قانچە خىل يېزا ئىگىلىك
قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ئۇزۇندىن بۇيان ئېھتىياجنى قاندۇرالماي كېلىۋاتقان مەھ-
سۇلاتلاردۇر. (شۇڭا بۇ مەھسۇلاتلارغا قارىتا نورمىلىق تەمىنلەشنى يولغا قويغانىدى

www.uyghurkitap.com

شۇڭا ئۇلارنىڭ باھاسىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش ئەقىلگە ئۇيغۇن. بۇنداق قىلىش كەڭ ئىستىمالچىلارنىڭ بۇ خىل مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇش، يەنى يۇقىرىقى مەھسۇلاتلارغا قارىتا نورمىسىز تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر. ھازىرقى شارائىتتا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنى يەنىمۇ زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش تەكىتلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، يۇقىرىقى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا قىممەت قانۇنىنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. (بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىدە قىممەت قانۇنىنىڭ رولى تېخىمۇ زور بولىدۇ.) كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھېساباتنى يولغا قويىدىغان ھەم پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان ئىگىلىك تارماقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەننەرقى تۆۋەن، باھاسى يۇقىرى، پايدىسى كۆپ بولغان مەھسۇلاتلارنى كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىشنى خالايدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەمگەك سەرپىياتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، باھانى ۋاقتىدا تەڭشەپ، دېھقانلارغا كۆپرەك پايدا يەتكۈزگەندىلا، ئاندىن دېھقانلارنى يۇقىرىقى مەھسۇلاتلارنى كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، دۆلەت پىلانىنى ئاشۇرغىلى ۋە شەھەر خەلقىنىڭ يۇقىرىقى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا باھا كەڭ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، يۇقىرىقى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتمەستىن، بەلكى تەدرىجى تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ.

بۇرۇن ئۇزاق مۇددەت قىممەت قانۇنىنىڭ رولىغا سەل قارىغانلىقىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزىبىر تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئېلىمىزنىڭ باھا سىستېمىسىدا خېلىلا قالايمىقانچىلىقلار ساقلاندى. نۆۋەتتە باھا سىستېمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردە ئىپادىلەنمەكتە.

1) ئوخشاش بولمىغان تاۋارلارنىڭ باھا نىسبىتى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. بولۇپمۇ بەزى قېزىلما بايلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ۋە خام ئەشيا ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى تۆۋەن. ئېلىمىزدىكى ئوخشاش بولمىغان تاۋارلارنىڭ باھا نىسبىتىنىڭ نامۇۋاپىقلىقى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ مەبلىغىنىڭ پايدا پىرسەنتىدە ۋە بەزى قېزىلما بايلىق مەھسۇلاتلىرى ھەم خام ئەشيا ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسىدا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئېلىمىزنىڭ ئاساسلىق قۇۋۋەت مەنبەسى بولغان كۆمۈرنىڭ باھاسى ئۆزىنىڭ قىممىتىدىن تۆۋەن. بىر كۇب مېتىر قۇمنىڭ باھاسى 20 يۈەندىن ئارتۇق. ھالبۇكى بىر توننا كۆمۈرنىڭ باھاسى ئارانلا 20 يۈەن چامىسىدا. دېمەك، كۆمۈرنىڭ باھاسى قۇمنىڭكىگە يەتمەيدۇ. بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى تۆۋەن بوغانلىقى تۈپەيلىدىن بەزى كارخانىلاردا خام ئەشيا ماتېرىياللىرى ۋە يېقىلغۇ ماتېرىياللىرىنى تېجەش ئاكتىپلىقى بولمىغان. خام ئەشيا ۋە يېقىلغۇ

ماتېرىياللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانمىغان. ئېلىمىزنىڭ خام ئەشيا ماتېرىياللىرىنىڭ ۋە قۇۋۋەت ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ تۆۋەن دېيىشكە بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ باھاسى خەلقئارا بازار باھاسىنىڭ نەچچەدىن بىرىگىلا توغرا كېلىدۇ.

2) ھازىر يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن سېتىلىش باھاسى ئاستىن - ئۈستىن بولغاچقا، سېتىلىش باھاسى دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىدىن تۆۋەن. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرىكى 30 يىل ئىچىدە ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى بىر قەدەر ئاستا بولغانلىقتىن، كەڭ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانمىغانىدى. بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەپ شۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسى تۆۋەن بولۇپ، تارىختا ساقلىنىپ قالغان سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىكى قايچىسىمان پەرقلەر ئۇزۇندىن بېرى ھەل قىلىنمىغان ئىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە بولسا يۇقىرى باھادىكى سانائەت بۇيۇملىرىنى تۆۋەن باھادىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇش بولۇپ، «ئاشلىق ئەرزان بولسا، دېھقانلار ۋەيران بولىدۇ» دېگەن تەمسىلنىڭ داۋلىسىمۇ ئەنە شۇنىڭدا ئىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەچكە، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. نۆۋەتتىكى باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشمۇ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەلۋەتتە دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرگەندىن كېيىن، سېتىلىش باھاسى ئۆزگەرمىگەچكە، بەزى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش سېتىلىش باھاسى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. شۇنداقلا ئاز بولمىغان مەسىلەر تۇغۇلدى. بۇنىڭ بىلەن مالىيە سىياسىتى بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتىكى پەرقلىق باھاسىنىڭ تولۇقلىنىشى يىل بويى ئۆسۈپ بارغاچقا، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ مالىيە يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. مەھسۇلات ئاشقانسېرى دۆلەت مالىيە ياردىمىمۇ كۆپەيدى. سېتىش ۋە سېتىۋېلىش باھاسى ئاستىن - ئۈستۈن بولغاچقا، ئۇ رايونلار ئارىسىدىكى تاۋارلار ئېشىپ قېلىش ۋە كەمچىل بولۇش ھادىسىلىرىنى تەڭشەش ۋە تاۋارلارنىڭ ئايلىنىشىغا زور قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ھالدا رەتكە سېلىشقا پايدىسىز بولدى.

3) ئوخشاش خىلدىكى تاۋارلارنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى پەرقى ئايرىلمىغان، ئوخشاش تاۋارلارنىڭ سۈپىتىدە يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشتەك پەرق بولغاچقا، ئوخشاش تاۋارلارنىڭ باھاسىنى بېكىتكەندە، سۈپىتىگە قاراپ باھا قويۇش پرىنسى-

www.uyghurkitap.com

پىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، سۈپەتلىكلەرنىڭ باھاسىنى يۇقىرى، سۈپەتسىزلەرنىڭ باھا-سىنى تۆۋەن قىلىپ، سۈپەت جەھەتتىكى باھا پەرقىنى ئايرىپ، سۈپەتلىك مەھسۇ-لاتلارغا باھا جەھەتتىن ئېگىشلىك ئىلھام بېرىش، سۈپەتسىز مەھسۇلاتلارغا باھا جەھەتتە ئېگىشلىك چەك قويۇش زۆرۈر. پەقەت مۇشۇنداق قىلىشلا مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ۋە خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا پايدىلىق. ئې-لىمىزدە ئۆتكەندە سۈپەتكە قاراپ باھا قويۇش پرىنسىپى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇل-مىغان. ئوخشاش تاۋارلارنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى باھا پەرقى ئايرىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن مۇقەررەر ھالدا سۈپەت بىلەن باھانىڭ ماسلىشالماسلىقى، ھەتتا سۈپەت بىلەن باھانىڭ ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىش مەسىلىسى كېلىپ چىققان. مەسى-لەن: ھەر قايسى زاۋۇتلار ئىشلەپچىقارغان ۋېلىسىپىت ۋە قول سائىتى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى باھا پەرقى ئىنتايىن زور بولسىمۇ، لېكىن باھاسىدا ئانچە پەرق بولمىغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئەھۋاللار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ بۇرۇنقى باھا سىستېمىسى ئەقلىگە مۇۋاپىق ئەمەس. بەلكى ناھايىتى قالايمىقان. بۇ خىل ھالەت ئۆزگەرتىلمىسە، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجا-رەت ئۈنۈمىنى ياخشىلىغىلى ۋە شەھەر يېزىلاردىكى ماددىي ئەشيالارنى ئوڭۇشلۇق ئالماشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى، ئىلغار تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، شۇنداقلا، ئىستېمال قۇرۇلمىسىنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ زور ئىسراپچى-لىقى كېلىپ چىقىپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنىڭ ئىجرا قىلى-نىشى ئېغىر ھالدا توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. بۇندىن كېيىن كارخانىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش، ھوقۇقىنىڭ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، باھانىڭ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتىگە بولغان تەڭشەش رولىمۇ چو-قۇم بارغانسېرى روشەن بولىدۇ. ھەر قايسى كارخانىلارنى تەڭشەش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پەقەت دۆلەتنىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىك پى-لانىغىلا تايىنىشقا بولمايدۇ. يەنىلا قىممەت قانۇنىغا ئاساسەن باھا، باج، ئامانەت قەرز قاتارلىق ئىقتىسادىي پىشاڭنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى تەڭشەپ، كارخانىلارنى قارغۇلارچە ئىشلەپچىقىرىشتىن خا-لى قىلىپ، ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.



باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى — پۈتۈن مەملىكەت خەلقى

ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىر مۇھىم مەسىلە. شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇش ۋە جانلاندۇرالماسلىق پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش ياكى ئېرىشتۈرەلمەسلىكنىڭ ئاچقۇچى. ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان كونكرېت لايىھىنى قانداق تۈزۈپ چىقىش، ئۇنى تەدرىجىي ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەمدە 5 - 7 يىللىق پىلان مەزگىلىدە دۆلىتىمىزنىڭ باھا مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇشكۈل ۋەزىپە. شۇڭا ئىلىمىزنىڭ باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتا ئىستراتېگىيە جەھەتتە قەتئىي تەۋرەنمەسلىك، تاكتىكا جەھەتتە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش لازىم. باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ توغرا پىرىنسىپى — خەلقنىڭ ئەمەلىي كىرىمىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنى كونتىرول قىلىشنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقىمۇ پايدىلىق بولۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

1) سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ بازاردىكى سېتىلىش باھاسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تۇراقلاشتۇرۇش كېرەك. بەزى كان مەھسۇلاتلىرى ۋە خام ئەشيا ماتېرىياللىرى باھاسىنىڭ ئۆسكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ بازاردىكى سېتىلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، كان مەھسۇلاتلىرى ۋە خام ئەشيا ماتېرىياللىرى باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى تۈپەيلىدىن ئۆسكەن تەننەرقىنى كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەڭشىشى، ئاز ساندىكى ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارغا قارىتا دۆلەت مۇۋاپىق ھالدا باجنى ئازايتىش ياكى باجنى كەچۈرۈۋېتىش يولى بىلەن ھەل قىلىش لازىم.

2) كونكرېت تەدبىر قوللىنىپ، خەلقنىڭ ئەمەلىي كىرىمىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش باھاسىنىڭ ئاستىن-ئۈستۈنلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن سېتىش باھاسىنى ئوخشاش قىلىش ياكى سېتىش باھاسىنى سېتىۋېلىش باھاسىدىن سەل يۇقىرىراق قىلىپ، تىجارەتچىلەرنى مۇۋاپىق پايدىغا ئىگە قىلىش كېرەك. باشقا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى يەنە ئۆرلىتىلسە، ئىستېمال چىقىمىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا خەلقنىڭ ئەمەلىي كىرىمىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاساسەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش ياكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە

مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدىكى ئاستىن-ئۈستۈنلۈكنى تولۇقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان 20 مىليارد يۈەن چىقىمىنى ئىستېمالچىلارغا بىۋاسىتە قوشۇمچە ياردەم ھېسابىدا بېرىش تەدبىرىنى قوللىنىش كېرەك. بولۇپمۇ دۆلەت مالىيىسىدىن چىقىم قىلىش ئارقىلىق، ئىش ھەققى بېرىلىدىغان ئىستېمالچىلار ۋە باشقا شەھەر ئاھالىلىرىگە شۇنداق قىلىش كېرەك.

3) كىچىك قەدەم بىلەن مېڭىش، بىر قەدەم ماڭغاندا شۇ قەدەمنى كۆرۈپ بېقىش كېرەك. يەنى ئېلىمىزنىڭ باھا سىستېمىسىنىڭ ئېغىر ھالدا نامۇۋاپىق بولۇش ۋە كونا ئىللەتلەر كۆپ بولۇشتەك ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىش، ئىسلاھاتنى تەدرىجىي ئېلىپ بېرىش، قەدەمنى بەك چوڭ ئالماسلىق لازىم. دۆلەت-كارخانا ۋە شەخسلەرنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى تولۇق نەزەردە تۇتۇپ، پارچە سېتىلىش باھاسىدىكى كۆرسەتكۈچ سانىنى مەلۇم دائىرىدە قاتتىق كونترول قىلىش لازىم.

4) ئالدى بىلەن ئاسانلىرىنى، كېيىن تەسلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، تەرتىپ بويىچە تەدرىجىي ئىلگىرىلەش لازىم. قايسىلىرىنى ئاسان، قايسىلىرى تەس، بۇنى خەلق ئاممىسىنىڭ بىۋاسىتە مەنپەئەتىگە تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسى بويىچە ئايرىش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاساسىي تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى تەڭشەش، مەسىلەن: ئاشلىق، گۆش، ياغ، كۆكتات، بەزى كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە 3-سانائەت باھاسىنى تەڭشەشتە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، تەدرىجىي ھەل قىلىش كېرەككى، تولىمۇ ئالدىراقسانلىق قىلىپ، يېنىك پوزىتسىيە قوللىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

5) قويۇۋېتىش بىلەن تەڭشەشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. قويۇۋېتىش دېگىنىمىز، بەزى ئۇششاق تاۋارلار، 3-خىلدىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى، شۇنداقلا، دۆلەت پىلانىدىكى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ياكى يۇقىرىغا يۆتكەش ۋەزىپىسى ئورۇنلانغاندىن كېيىنكى تاۋارلارغا قارىتا باھانى پەيدىنپەي قويۇۋېتىپ، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش، كېلىشىم باھادا سېتىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇنى بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى يولغا قويۇش دېمەكتۇر.

تەڭشەش دېگىنىمىز — دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، دۆلەت بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانى يولغا قويۇدىغان تاۋارلار يەنى ئاساسلىقى مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ھەم 1-2-خىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بۇيۇملارغا قارىتا، دۆلەت ئۇلارنىڭ باھاسىنى دۆلەت پىلانى بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈپ،

تەدرىجىي تەڭشەپ، ئۇنى تەدرىجىي ھالدا مۇۋاپىق بولۇشقا يۈزلەندۈرۈش دېمەكتۇر. بۇ بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنىڭ خەلق ئىگىلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زور. ئۇ بىزنىڭ باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشىمىزنىڭ ئاچقۇچلۇق يېرى.

6) چۈشۈشمۇ بولۇش، ئۆرلەشمۇ بولۇش لازىم. بىزنىڭ نامۇۋاپىق سېلىشتۇرما باھانى تەڭشەپ، باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى مەقسىدىمىز كارخانىلارنى پايدا قوغلۇشۇش ئەمەس، بەلكى ئاساسەن ئوخشاش بولغان شارائىت ئاستىدا، رىقابەتنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنداق بولغانلىقتىن باھانى تەڭشەش پرىنسىپى ھەرگىزمۇ ھەممە مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش بولماستىن، بەلكى چۈشۈشمۇ بولۇش، ئۆرلەشمۇ بولۇش، ھەر خىل مەھسۇلاتلارنىڭ سېلىشتۇرما باھاسىنى مۇۋاپىق بولۇشقا يۈزلەندۈرۈپ ئۇنى ئىشلەپچىقىرىشنى يېتەكلەش ۋە ئىستېمالنى تەڭشەش رولىنى ئويناليايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ بىزنىڭ باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك توپ پرىنسىپىمىز. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، كەڭ خەلقنى تەدرىجىي بېيىتىش - بېيىتالماسلىق بىزنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ ياخشى ئىشلىگەن ياكى ياخشى ئىشلىمىگەنلىكىنى سىناشنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى. ھەر قانداق رايون، تارماق ۋە كارخانا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەممىسى بۇنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى، ھازىرقى باھا سىستېمىسى ئىسلاھاتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئېلىپ بېرىشقا تىرىشىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، باھا ئىسلاھاتىغا بولغان رەھبەرلىكنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. باھا سىستېمىسى ئىسلاھاتى ئومۇمىي ۋەزىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سىياسىۋىيلىكى كۈچلۈك، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە تاقىلىدىغان بىر ئىسلاھات. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى قاتلاملار ئۆز ئالدىغا ھەمكارلىشىپ بۇ ئىسلاھاتنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى. بۇ خىل چوڭ ياخشى ۋەزىيەت ئاسانلىقچە قولغا كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئەگرى - توقايلىقلارنى بېسىپ، ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشتەك بىر قاتار توغرا سىياسەتلەرنى قوللىنىپ پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن. بىز بۇ ياخشى ۋەزىيەتنى قەدىرلىشىمىز ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك. مۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش — پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى تېزرەك بېيىتىشنى مەقسەد قىلىدۇ. شۇڭا باھا سىستېمىسىنى قىلچە تەۋرەنمەي پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەشكىللىك ئېلىپ بېرىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ئەتراپلىق پىلانلاپ، باھانى تەڭشەش داۋامىدا كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان داۋالغۇشنى ئەڭ كىچىك دائىرىدە كونترول قىلىش، ئازراق بەدەل ئارقىلىق ئىنتايىن قىيىن بولغان مەسىلىلەرنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق چوڭ ئىسلاھات لايىھىلىرى ۋە تەدبىرلەرنى مەركەز بىر تۇتاش تۈزۈشى، ھەر قايسى رايون، ھەر قايسى تارماقلار ئۆز بېشىمچىلىق قىلماسلىقى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مال باھاسى ئىدارىلىرى، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى بازارنىڭ مال باھاسىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش ئىشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش ھەمدە مال باھاسى ئىنتىزامىدا كەسكىن بولۇش، ھەددىدىن يۇقىرى باھانى چەكلەش، خىلاپلىق قىلمىشلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتا ناھايىتى كۆپ پايدىلىق شارائىتلار بار. پەقەت رەھبەرلىك ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىلىپ، تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاممىغا ئىشەنگەندىلا ۋە ئاممىغا تايانغاندىلا دۆلەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق بولغان بۇ قېتىملىق باھا سىستېمىسى ئىسلاھاتىنى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

ئەقىلگە مۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىلىرىدىن بىرى. باھا ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىسا، مۇقەررەر يوسۇندا كىشىلەرگە خاتا ئۇچۇر بېرىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى قارىغۇلۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئۆتكەندە «قويۇۋەتكەندە ھامان قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ» دېيىشنىڭ ئۆزى دەل مۇشۇ يەردە. بۇنىڭدىن كېيىن «جانلىق بولۇش، ئەمما قالايمىقان بولماسلىق» نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى — ئەقىلگە مۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنىڭ بولۇشىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن پىلان تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى قەدىمىنىڭ قانچىلىك بولۇشى بىزنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىمىزگە باغلىق ئەمەس. بەلكى باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھاتىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ زور بولۇپ، پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئەگەر پىلان تۈزۈلمىسىدىكى ئىسلاھات بىلەن باھا سىستېمىسى ئىسلاھاتى مۇۋەپپەقىيەت قازانسا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىدۇ. ھەمدە پۈتكۈل ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا مۇقەررەر ھالدا زور بىر سەكرەش مەيدانغا كېلىدۇ. دەرۋەقە، باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك. ھەممە ئادەمگە ئالاقىدار ئىش. ئۇنى جەزمەن ئىنتايىن ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇپ، ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە دۆلەت مالىيە كۈچىنىڭ ئېشىش ئىمكانىيىتىگە قاراپ، خەلقنىڭ ئەمەلىي دارامىتى پەيدىن-پەي ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، پى-

لانلىق ۋە قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك. شۇڭا بىزنىڭ خەلق ئاممىسىغا قارارنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر. بىز خەلق ئاممىسىغا ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلىنىۋاتقان، ماددىي نېمەتلەر كۆپەيگەن شارائىتتا، باھا سىستېمىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىسلاھ قىلىپ، تۈرلۈك باھا سېلىشتۇرمىسىدىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغانلىقىمىزنى، بۇنداق قىلىش ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ، كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى، بۇ ھەرگىز مال باھاسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك.

---

(بېشى 13 - بەتتە)

«ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك»مۇ مەۋجۇت بولمايدۇ، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش بۇ جەرياننى ۋاقىت جەھەتتە تېزلىتىدۇ، تۈزۈلمە جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكىنى ئېنىق تونۇپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىچكى - تاشقى شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىشىمىز، ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە پايدىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلىشىمىز، بۇنىڭ بىلەن نۆۋەتتىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز لازىم. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرلىشىش دېسىلا، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي ھەر خىل «ئىقتىسادىي بىرلەشمىلەر»نى ئۇياق - بۇياقتىن تېرىشتۇرۇپ زورمۇ زور قۇراشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنىڭ توغرا يول بويىچە ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، ئۇنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

# قەلب گۈزەللىكى ۋە ئېستېتىك تەربىيە

مەھەممەت تۇرسۇن سادىق

پەلسەپە ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە ئۇنىڭدىكى تۈپ مەسىلە ئاڭ بىلەن ماددىنىڭ، تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇرنىڭ ماھىيىتى ۋە ئەڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت بولغىنىدەك، ئېستېتىكا ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە ئۇنىڭدىكى تۈپ مەسىلە گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىك باغلىنىشلىرىدىن ئىبارەت.

بىز دەۋاتقان گۈزەللىك پەقەت ئىنسانىيەت ئەقلىي تەپەككۇرىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئىجتىمائىي گۈزەللىك بولماستىن، ئۇ ئالدى بىلەن تەبىئەتتىكى زاتىنىڭ ئەسلى گۈزەللىكىدۇر. ئەسلى گۈزەللىك كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىدىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان ۋە شۇنداق ئېستېتىك تۇيغۇنى ھاسىل قىلىشقا سەۋەپ بولغان رېئال ئوبيېكتىپ گۈزەللىكتىن ئىبارەت.

گۈزەللىك پەقەت ئەمگەك نەتىجىسىمۇ؟ تەبىئەت گۈزەللىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە باھا بېرىشىنىڭ مەھسۇلىمۇ؟ گۈزەللىك ئەسلى مەۋجۇتمۇ-يوق؟ تەبىئەت گۈزەللىكى ئىجتىمائىي خاراكتېرغا ئاشنا بولمىسا ئۇنى گۈزەللىك دېيىشكە بولامدۇ؟ ۋە ياكى ئىجتىمائىي خاراكتېر ئالمىغان نەرسىدە گۈزەللىك ئامىللىرى مەۋجۇت بولامدۇ؟ بىزنىڭ قارىشىمىزچە، گۈزەللىكنى پەقەت كىشىلەر ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى دېيىش ئىجتىمائىي گۈزەللىكنى ئىتراپ قىلىپ ئەسلى گۈزەللىكنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. مۇبادا تەبىئەت گۈزەللىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئېستېتىك باھا بېرىشىنىڭ مەھسۇلى دېيىلىدىغان بولسا، سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك ئېستېتىك كۆز قاراش ئىتراپ قىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئېستېتىك باھا بېرىشى ئۈچۈنلا «تەبىئەت گۈزەللىكى» دىن ئىبارەت بۇ مۇنبەر سۈيئىستېمال قىلىنىپ، روھ بۇرۇن، ماددا كېيىن دېگەنگە ئوخشاش بىر تەتۈر ئۇقۇم ئاپىرىدە بولىدۇ. تەبىئەت گۈزەللىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئېستېتىك باھا بېرىشىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى بۇ تەبىئەتنىڭ ئۆزىدە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تەبىئىي گۈزەللىكتىن ئىبارەت.

گۈزەللىكنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتىپ رېئال دۇنيا. گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپ ئا-

ساسىسنى، يەنى ئەسلى گۈزەللىكنى ئىنكار قىلىش خاتا. تەبىئىي گۈزەللىكنى ئىجتىمائىي خاراكتېرگە ئىگە ئەمەس دەپ ئۇنى سالاھىيىتىدىن ئېلىپ تاشلىغىلى بولمىغاندەك، ئىجتىمائىي خاراكتېر ئالمىغان ھەرقانداق گۈزەللىكنى گۈزەللىك قاتارىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

بىز گۈزەللىك توغرىسىدا سۆزلىگىنىمىزدە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ رېئال مەۋجۇتلىقىنى، ئوبيېكتىپ رېئال دۇنيادىن تاشقىرى ھېچقانداق مەۋجۇدىيەت، ئۇزەللىك ۋە ماھىيەت توغرىسىدا تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرىشىمىز، گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا، بىز ئالدى بىلەن ئەسلى گۈزەللىكنى كۆزدە تۇتىشىمىز، كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى ۋە «گۈزەل» ياكى «خۇنۇك» دېگەن باھاسىدىن ئىلگىرى بۇنداق تۇيغۇ ۋە باھاغا باغلىق بولمىغان ھالدا ئوبيېكتىپ رېئال گۈزەللىك ياكى گۈزەللىك ھادىسىسى مەۋجۇت ئەمەس دېيىلىدىكەن، ئۇ چاغدا! گۈزەللىك ئىنساننىڭ ئۇقۇل تۇيغۇ ۋە تەسەۋۋۇرىغا باغلىق ھادىسە، شۇنىڭدەك ئىنسان ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ ئۆلچەم ۋە مەمنۇنىيىتىگە باغلىق بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ-دە، نەتىجىدە گۈزەللىكنىڭ بىرلەمچى ۋە چەكسىز بۇلىقى بولغان ئوبيېكتىپ ماددىي رېئاللىق ئىنكار قىلىنىدۇ. يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن-ھۈسەن، قۇشلارنىڭ تاجىسى، تورنىڭ كىشى ئەقلىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدىكى ئاجايىپ گۈزەللىكى، دېڭىزلاردىكى قۇلۇلە قېپى، دېڭىزلارنىڭ بىر خىل مەۋج ئۇرۇشلىرى ... مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئەسلى گۈزەللىك ئامىللىرى مەۋجۇت، بۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئىجابىي كۆزىتىشىمىز ۋە زوقلىنىشىمىز ئاساسىدىلا گۈزەللىك لىباسىغا ئورالغان ئەمەس.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، گۈزەللىك ئوبيېكتىپ كاتېگورىيە بولۇپ، ئۇ ماددىي دۇنيانىڭ ئىچكى قۇرۇلمىلىرى ۋە تاشقى ئالامەتلىرىدىكى ماھىيەتلىك — قانۇنىيەتلىك گارمونىيىلىكىنىڭ روشەن ئىپادىلىنىش شەكلى.

ماركسىزم جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ماددىي ئاساسىنى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ بىلىش جەريانىدىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى ئىلمىي ئاساستا شەرھلەپ، ئوبيېكتىپ گۈزەللىك، ئېستېتىك تۇيغۇ، ئېستېتىك چۈشەنچە، ئېستېتىك ئېھتىياج مەسىلىسىنى تۇنجى قېتىم ئىزچىل يورۇتۇپ، گۈزەللىك بىلەن ئۇزەللىك چۈشەنچىسىنى، بىئولوگىيىلىك تۇيغۇ بىلەن ئېستېتىك تۇيغۇنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان ھەررەڭ، ھەر شەكىلدىكى ئىدېئالىستىك كۆز قاراشلارغا خاتىمە بەردى. گۈزەللىك چۈشەنچىسى ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ رېئال گۈزەللىك توغرىسىدىكى ھېس تۇيغۇ ۋە ئىدىيىسىنى كۆرسىتىدىغان چۈشەنچە بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن ئوبيېكتىپ (رېئال) گۈزەللىك بۇلىقىدىن ئوزۇقلانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئىجتىمائىي ھايات بوشۇقىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. گۈزەللىك چۈشەنچىسى ئىنسانلارنىڭ رېئال

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇنيادىكى تۈرلۈك - تۈمەن شەيئىلەر بىلەن ئۇچرىشىشى جەريانىدا گۈزەللىك ئىلامەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تەدرىجى ھېس قىلىش، ئىتراپ قىلىش، زوقلىنىش، تەقلىد قىلىش، ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسلىنىپ ئىجتىمائىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئەمەلىيىتىنىڭ شانلىق سەمەرىسى، شۇڭا ئۇ ئىجتىمائىي خاراكتېرگە ئىگە. گۈزەللىك چۈشەنچىسى سەنئەت ئەسەرلىرىدىلا خاس چۈشەنچە بولۇپ قالماستىن، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن بىللە تەدرىجى شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، گۈزەللىك چۈشەنچىسى ئاددىي گۈزەللىك تۇيغۇسى ئەمەس، ئۇ گۈزەللىك، خۇنۇكلۇق، يۈكسەكلىك ۋە پەسكەشلىك، تىراگېدىيىلىك، كومېدىيىلىك قاتارلىق چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي ئاڭ كاتېگورىيىسى، گۈزەللىك ھادىسىلىرىگە باھا بېرىشنى مەركەز قىلغان چۈشەنچە. ئۇ ئاللىقانداق تۇغما چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىق بىلىش جەريانىنىڭ مۇھىم بىر سەمەرىسى. ئۇنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىلىم - پەن، سانائەت ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، گۈزەللىك چۈشەنچىسىمۇ يۈكسىلىدۇ. گۈزەللىك چۈشەنچىسى مۇتلەق مۇقىم تۇرغۇن ھالەتتە بولمايدۇ. قەدىمكى زامان قول سانائىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان ساپال قاچا پەقەت ئاشۇ زامان ۋە ئاشۇ ماكاننىڭ ئۆزىدىلا كىشىلەرگە گۈزەللىك چۈشەنچىسىنى ئاتا قىلىدۇ. ھازىرقى دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇنداق بولمايدۇ. فېئوداللىق ئەدەپ - قائىدىسىنىڭ ئىسكەنجىسىدە بوغۇلغان ئاياللارنىڭ ئەينى دەۋردە ھەممە ئەزايىنى چۈمبەردە بىلەن نىقابلىشى ئاشۇ دەۋر ئۈچۈن گۈزەللىك چۈشەنچىسى بولسا، ھازىرقى دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر خىل خۇنۇكلۇق ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇلار گۈزەللىك چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى نىسبىي بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئېستېتىكا تارىخىدا، كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك چۈشەنچىسى، ئېستېتىك تۇيغۇسى، ئېستېتىك ئېڭى، ئېستېتىك كۆز قارىشى، ئېستېتىك ئۆلچەملىرى، ئېستېتىك باھاسى، ئېستېتىك ئىجادىيىتى ۋە ئېستېتىك زوقلىنىشى توغرىسىدا ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار يۈز بەرگەن. پىلاتون ۋە يېڭى پىلاتونىزمچىلار كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك چۈشەنچىسىنى ئىدېئال چۈشەنچە دەپ قارىغان، ئۇنى ئەسلى رېئال گۈزەللىكتىن ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭغا ئاساس سالغان مۇتلەق روھىي مەنبە دەپ قارىغان. ئۇلار ماددىي دۇنيادىكى گۈزەللىكنى «يالغان گۈزەللىك»، كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىنى ئاداشتۇرغۇچى «تۇيغۇ» دەپ قارىغان. ئارىستوتېل ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئارىستوتېلچىسى فارابى قاتار-

لىقلار كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى ۋە ئېستېتىك ئىنتىلىشىنى كىشىدىكى «تۇغما تەبىئەت»، «تۇغما ئىقتىدار» دەپ قارىغان بولسا، ئەنگىلىيە تەجرىبىلىرى بۇ كۆز قاراشنى يەنىمۇ بىر بالداق ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېستېتىك چۈشەنچىگە نۇقۇل هالدا فىزىئولوگىيە ۋە پسىخولوگىيىلىك تەهلىل يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلغان. داۋۇت يوم قاتارلىق سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستلار ھەتتا ئوبيېكتىپ گۈزەللىكنى ئىنكار قىلىپ، «گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى ۋە مەنبەئىسى ئىنساننىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى ۋە ئېستېتىك لەززەتلىنىشى» دېگەن كۆز قاراشقا كەلگەن. كانتمۇ تۇغما ئېستېتىك چۈشەنچە كۆز قارىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېستېتىك چۈشەنچىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى كۆرەلمىگەن. گېگېل پىلاتوننىڭ ئىلاھىيەتلىك ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمىنى مەنتىقلىق ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمغا ئايلاندۇرۇپ، گۈزەللىك چۈشەنچىسىنىڭ مۇتلەق ئىدېئال چۈشەنچە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن، «ھەل قىلىنغان» پەقەت «ئوبرازلاشتۇرۇش»، «ھېسسىي ئىپادىلەش» جەھەتتە ئىشلەش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يۇقىرىقى كۆز قاراشلار گۈزەللىك چۈشەنچىسى توغرىسىدىكى ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك، مېخانىكىلىق ماتېرىيالىستىك ۋە سوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك نۇقتىئىي نەزەرلەر بولۇپ، ئۇلار گۈزەللىك چۈشەنچىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭ دائىرىسىدىكى چۈشەنچە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن.

ئىنسانىيەت گۈزەللىكنىڭ زوقلانغۇچىسى، بەھرىمەن بولغۇچىسى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە گۈزەللىكنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە گەۋدىلەندۈرگۈچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئوبيېكتىپ رېئال گۈزەللىكتىن پايدىلىنىپ، مىسلىسىز يۈكسەك ئىجتىمائىي گۈزەللىكنى بەرپا قىلىشقا قادىر. بۇ يەردە ئېيتىلغان ئىجتىمائىي گۈزەللىك ئەسلى گۈزەللىكتىن تەسىرلىنىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن گۈزەللىكتىن ئىبارەت.

ئېستېتىك كۆز قاراش كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ۋە ئېستېتىك تەپەككۇرى بىلەن بىللە ئەڭ قەدىمكى زاماندىلا پەيدا بولغان. گۈزەللىكنى پەرق ئېتىش، گۈزەللىككە مايىللىق، گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىش ۋە ئازادىلىك ھېس قىلىش، گۈزەللىككە تەقلىد قىلىش، گۈزەللىك بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىنسانلارنىڭ ئەمگەكى ۋە ھايات پائالىيىتىدە قەدىمكى زامانلاردىلا مەيدانغا كەلگەن. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەمگىكى ۋە تۇنجى تەپەككۇرىدىن، تۇنجى شاتلىقى ۋە قايغۇسىدىن باشلاپ رېئال گۈزەللىكنى ھېس قىلغان. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشى بىر مىنۇتمۇ ئېستېتىك بىلىش جەريانلىرىدىن ئايرىلغان ئەمەس.

ئىجتىمائىي گۈزەللىك شەيئىنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان، يەنى زاتىنىڭ ئەسلى گۈزەللىكى بولماستىن، بەلكى ئۇ شەيئىنىڭ ئۆزىدىكى ئەسلى گۈزەللىككە ئاساسلى-

نىپ، ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللىك يۈكسەكلىكىگە كۆتىرىپ قايتا قۇرۇپ چىقىش، قايتا ئىشلەش جەريانلىرىدا! ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگىكى سىڭگەن گۈزەللىكىنى كۆرسىتىدۇ.

دەرۋەقە، كىشىلەر ئەسلى گۈزەللىك ۋە ئىجتىمائىي گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىدۇ. ئىجتىمائىي گۈزەللىك جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن مۇھىم بولۇپلا قالماي، يەنە كىشىلەرنىڭ خۇلقى - مىجەز گۈزەللىكى، قەلب گۈزەللىكى كىشىلىك تۇرمۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇرلاردا، «ئاتا كۆرۈپ قىز ئال، قىرغاق كۆرۈپ بوز ئال» دەيدىغان تەمسىل بار. بۇنىڭ مەنىسى، ياخشى ئاتا - ئانىلار تەربىيىسىدىكى پەرزەنتلەرنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىلىرى ۋە تۇرمۇش مۇھىتىدىكى ياخشى، گۈزەل شەيئىلەردىن ئۆرنەك ئېلىپ، يامان ئىشلاردىن ئىبرەت، ياخشى ئىشلاردىن خىسلەت ئالىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ خۇلقى - مىجەزىنى مەنىۋىي گۈزەللىك بولىقىدىن ئۇزۇقلاندۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككى ئائىلىدە تەربىيىلەنگەن ئىككى پەرزەنتنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىق ۋە ئالاھىدە پەرقلىق تەرەپلىرى بولىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرى يېنىدا ھەر خىل ناشايان گەپ - سۆزلەرنى قىلىشىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال ئەلۋەتتە پەرزەنتلەرنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. بۇنداق مۇھىتتا تەربىيىلەنگەنلەرنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرەت ھېسسىياتى قاتارلىق ئەقلىي ۋە ھېسسىي ئامىللىرىغا قەلب گۈزەللىكى نەقىشلىرىنىڭ چېكىلىشى تولىمۇ يېتەرسىز بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ خۇلقى - مىجەزى، سۆز - ھەرىكەتلىرىدىمۇ بىر خىل نورمالسىز غەيرى قوپال ئەھۋاللار ئۆزىنىڭ سادىر بولۇش قىياپىتىنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. يەنە بىر قىسىم ئائىلىلەردە تەربىيىلەنگەنلەرنىڭ مىجەز - خۇلقىدا ئاجايىپ بىر خىل گۈزەللىك سېھرىي كۈچىنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بۇنداق كىشىلەر ئادەتتە ئۆزىنىڭ تەڭ - تۇش، ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدە ئورۇنسىز گەپ - سۆزلەرنى قىلمايدۇ. ھەتتا خېلى چوڭ زىيانلارنى، تارتىشقا توغرا كەلگەن، مۇلۇم ئىشلاردىن چوڭقۇر ھەسرەتلەنگەن چاغلىرىدىمۇ ياكى كىشىلەر بىلەن قىزىرىشىپ قېلىش دەرىجىسىگە يەتكەندىمۇ بولمىغۇر تېتىقسىز قوپال مۇئامىلە ۋە كىشىلەرنىڭ دىلى ئازابلىنىدىغان ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلمايدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بايىقى تەمسىلىنىڭ ناھايىتى توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، قەلب گۈزەللىكىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنىنىڭمۇ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار قەلب گۈزەللىكىنىڭ ئومۇمىي تەرىپى ياكى ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولماي، بەلكى قەلب گۈزەللىكىنىڭ مۇھىت ۋە ئائىلە تەربىيىسىدىكى مەلۇم بىر تەرىپى. قەلب گۈزەللىكىنىڭ شەكىللىنىشى مۇھىت، تەربىيە ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇنداقلا قەلب گۈزەللىكى ئەخلاق، بەدىئىي تەربىيە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئائىلە مۇھىتى تەسىرى

قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قەلب ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىي ماھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان ئادالەتپەرۋەر، ھەققانىيەتچى، ساپ ۋىژدانلىق كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشكىنىمىزدە ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىكى كەمتەرلىك، مۇلايىملىق، ئېھتىياتچانلىقتەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى تەسىرىدىن بىزنىڭ كۆڭۈل ـ كۆكسىمىزنى ئاجايىپ بىر خىل خوشاللىق تۇيغۇسى قاپلىۋالغاندەك بولۇپ، ئۇنداق كىشىلەرگە نىسبەتەن قەلبىمىزدە ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغىنىدۇ. بىز ئۇلار بىلەن ۋاپادار دوستلۇق، ئۇستاز ـ شاگىرتلىق، ئاكا ـ ئىنىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئالدىرايمىز. قەلب گۈزەللىكى ئىنسانغا خاس ھېس ـ تەپەككۇر گۈزەللىكى ھېساپلىنىدۇ ھەمدە قەلب گۈزەللىكى بىر پۈتۈن ساپ گۈزەللىك جۇلاسى ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدۇ. قەلب گۈزەللىكى ئالدىدا بىر خىل، ئارقىدا بىر خىل بولۇشنى، تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر بولۇشنى خالىمايدۇ. ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىنى كۆزلەش، مەلۇم مۇددىئانى چىقىش نۇقتىسى قىلىش، باشقىلارغا شەكلەن ياخشى تەسىر قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەبىھ مەخسىتىگە يېتىشنى نىيەت قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ كۆرىشى ئۈچۈنلا ياخشى ئىشلارنى قىلىپ قويىدىغان، خوشامەتچىلىك يولىدا ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى قانچىلىك ئۇستۇلۇق ئىشلەتكەن بىلەنمۇ يەنىلا ئۇ قەلب گۈزەللىكى ھېساپلانمايدۇ. قەلب گۈزەللىكى ئوچۇق ئاشكارە، توغرا، سەممىي ۋە ھەقىقىي ئالىجانابلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق تەلەپ ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن ھېس ـ تەپەككۇر، خۇلقى ـ مىجەز گۈزەللىكى ئۆزىنىڭ چىن مەنىسى ۋە ئومۇمىي ماھىيىتى بىلەن ھەقىقىي قەلب گۈزەللىكى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئىجتىمائىي گۈزەللىك زامانىمىزنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم بولسا، قەلب گۈزەللىكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىم.

ئېستېتىك تەربىيە مەسىلىسى ماركسىزملىق ئېستېتىكا ئىلمىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى غايەت مۇھىم بىر ساھە. ئېستېتىك تەربىيە كەڭ مەزمۇنلۇق روھى مەدەنىيەت تەربىيىسى بولۇپ، ئۇ جىسمانىي گۈزەللىك تەربىيىسى، قەلبى گۈزەللىك تەربىيىسى، سۆز ۋە ھەرىكەت گۈزەللىك تەربىيىسى، تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئائىت گۈزەللىك تەربىيىسى، مۇھىت گۈزەللىكى تەربىيىسى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجادىيەتتە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك گۈزەللىك تەربىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جەمئىيىتىمىز ئېستېتىك تەربىيىگە مۇھتاج. فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ساقىندا ھالەتتە ساقلىنىۋاتقان ئىللەتلىرى بىر مۇنچە كىشىلەر ئىدىيىسىدە ھازىرمۇ ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىپ تۇرماقتا. بۇ ھال مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، «پرولېتارىيات

www.uyghurkitap.com

دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش» نى نۇقۇل ھالدا كۈچەيتىپ تەكىتلەپ، ھەددىسە سىياسىي ھەرىكەت، سىياسىي جەھەتتىكى كۈرەشلەر ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىپ، پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئىشلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان ئېستېتىك تەربىيىگە سەل قارىغانلىقتىن، ئېستېتىك تەربىيىنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى پائالىيەتلەرگە بولغان دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى توغرا چۈشەنمىگەنلىكتىن بولدى. سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا ئېستېتىكا تەربىيىسى ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم. بۇ خىل مۇھىملىق يېڭى تۇغۇلغان بۇۋاقتا ئانا سۈتى قانچىلىك مۇھىم بولسا، يېڭى بىر ئىجتىمائىي تۈزۈم سوتسىيالىزم ئۈچۈنمۇ شۇنچىلىك مۇھىم.

قەلب گۈزەللىكى چۈشەنچىسى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدىن بار بولغان ئەسلى گۈزەللىك چۈشەنچىسىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە چۈشەنچە بولۇپ، پەقەت بۇ خىل چۈشەنچە ئىجتىمائىي ئىنساننىڭ سۆز، ھەرىكەت ۋە باشقا ئىجتىمائىي مۇناۋەتلىرى جەريانىدىلا ئۆز قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋەتلىرى جەريانىدىلا گۈزەللىك چۈشەنچىسىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئاڭ فورما شەكىللىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھېس-تۇيغۇسى، ئىدىيىۋى خاھىشلىرى گۈزەللىك تەربىيىسى بويىچە تەربىيىلەنمەيدىكەن، ئۇ ھالدا قەلب گۈزەللىكىدىن سۆز ئېچىشقا بولمايدۇ. كىشىلەردە گۈزەل غايىنىڭ تۇغۇلۇشى، ۋىجداننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، شەرەپ ۋە مەجبۇرىيەت قاتارلىق ھەر خىل ئامىللارنىڭ قەلب گۈزەللىكى ئاساسىدا ئىنسان قەلبىدە كامالەت تېپىشى پەقەت ئېستېتىك تەربىيىنى ئاساس قىلغان قەلب گۈزەللىك چۈشەنچىسىنىڭ كىشىلەر ئېڭىدىكى ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئاڭنى، يەنى قەلب گۈزەللىك چۈشەنچىسىنى يېتىلدۈرۈش ھەربىر شەخس ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم.

ئۇلۇغ ئۇستاز كارل ماركس «فېيېرباخ ھەققىدە تېزىسلار» ناملىق ئەسىرىدە «ئىنسان مۇھىت بىلەن تەربىيىنىڭ مەھسۇلى، ئىنسان تەبىئىتى ئايرىم شەخسكە خاس ئابستراكىتلىق ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ جەمئىسى» دېگەن ئىدى. روشەنكى ئىنسانلار ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن ئۇچرىشىش، ھەرخىل مۇناسىۋەتتە بولۇش نەتىجىسىدىلا گۈزەللىك چۈشەنچىسىگە ئىگە بولىدۇ. گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا گۈزەللىكنى يۈكسەلدۈرۈش، ئىنسانلار ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ياراتقۇچىسى سۈپىتىدە دائىم مۇھىتنى ئۆزگەرتىش ۋە مۇھىت ئىچىدە ئۆز پائالىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشتەك كۆپ خىل ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇنداق شۇغۇللىنىش ئۆز ماھىيىتى بىلەن يەنىلا مۇھىت گۈزەللىكى، ۋە تۇرمۇش گۈزەللىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش گۈزەللىكى بىلەن شۇغۇللانغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماركسنىڭ يۇقىرىقى ھۆكۈمىنىڭ ناھايىتى توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، قەلب گۈزەللىكىنىڭ ئېستېتىك تەربىيىدە تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئېستېتىك تەربىيە شەقىقەتتىكى كۆز قاراشلار يالغۇز مۇھىت گۈزەللىكى، تۇرمۇش گۈزەللىكى، ئىشلەپچىقىرىش گۈزەللىكى قاتارلىق گۈزەللىك ئامىللىرىنى كۆزدە تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئالدى بىلەن قەلب گۈزەللىكى تەربىيىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ. چۈنكى قەلب گۈزەللىكى تەربىيىسى ئېستېتىك تەربىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىلىرىدىن بىرى. قەلب گۈزەللىكى تەربىيىسى ئېستېتىك تەربىيىنى تولۇقلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش يولىدىكى غايەت مۇھىم بىر ساھە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەلب گۈزەللىكى تەربىيىسىنىڭ ئېستېتىك تەربىيىدە تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم.

ئېستېتىك تەربىيە كەڭ مەزمۇنلۇق روھى مەدەنىيەت تەربىيىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىنسان ئېڭىدا قەلب گۈزەللىكىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىنى ھاسىل قىلىدۇ. بەزىلەر ئېستېتىك تەربىيىنىڭ قەلب گۈزەللىكى بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئېستېتىك تەربىيىنىڭ قەلب گۈزەللىكىگە بولغان تەسىرىنى كەم چاغلاپ، گۈزەللىك ۋە سەتلىكنى ھەممە كىشى بىلىدۇ، ئېستېتىك تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ ئانچە ھاجىتى يوق دەپ قاراپ، ئېستېتىك تەربىيەنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇنداق قاراش پۈتۈنلەي توغرا ئەمەس. ئېستېتىك تەربىيە ئارقىلىق ئاڭلىق ھالدا ئېستېتىك كۆز قاراش تۇرغۇزۇلمايدىكەن، تۇرمۇش ئىستىلى جەھەتتىكى چۈشكۈن نەرسىلەرنىڭ چىرىتىشكە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. نەتىجىدە سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئىنچ ئۆزگىرىپ كېتىش خەۋپى يۈز بېرىش ئېھتىمالى كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئۇ خىل خاتا سەپسەتىلەرگە ئۈزۈل - كېسىل قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

بىر مەزگىل شىددەتلىك بوران - چاپقۇنلۇق سىياسىي كۈرەشلەر بىلانلا بولۇپ كېتىپ، ئېستېتىك تەربىيىگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، چېكىدىن ئاشۇرۇلۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىنتايىن سول ھەرىكەتلەر كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئىدىيىۋى خىسلىتىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىپ، تۇرغۇنلىغان ئىدىيىۋى چۈۋالچاقلىقنى، ھەتتا پارتىيە سىياسىتىدىن گۇمانلىنىشتەك ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلىپ، زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتتە ئۇزۇن تارىخىي يىللار مابەينىدە ئارقىمۇ - ئارقا بولۇپ تۇرغان ئاجايىپ كەسكىن سىياسىي ھەرىكەتلەر تۈپەيلىدىن كىشىلەر كۆڭلىدە پەيدا بولغان بىر خىل قاتماللىق ھادىسىلىرى تېخى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىگىنى يوق. بۇنداق قاتماللىقنى تۈگىتىشتە يەنىلا بىز ئېستېتىك تەربىيىگە مۇراجىئەت قىلىشىمىزغا، داۋاملىق تۈردە قەلب گۈزەللىكىنى تەرغىپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بىزدىكى ئېستېتىك تەربىيە ماركسىزملىق پۇختا ئىلمىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقتىن، ئۇ پەقەت جەمئىيەتتىكى ھەر خىل خاتا خاھىشلار بىلەن كۈرەش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىشتا ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئىجابىي ئاساسدا جارى قىلدۇرىدۇ. قەلب گۈزەللىكى ئېستېتىك تەربىيىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ھەم ئاساسى تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنسان ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئېستېتىك تەربىيىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئۇنى جۇلالاندۇرۇپ تۇرىدۇ. قەلب گۈزەللىكى تەربىيىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئۇنى دىنىي، سىرلىق ۋە سىياسىي تەقۋادارچىلىق كۆز قاراشلىرىدىن خالى قىلىش، قەلب گۈزەللىكى بىلەن تاشقى كۆرۈنۈش گۈزەللىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش ماركسىزملىق ئىلمىي ئېستېتىك تەربىيىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى. قەلب گۈزەللىكى ئىنساننى ئوبيېكت قىلغان سۆز ھەرىكەت گۈزەللىكىدە ئىپادىلەنگەن ئىنسان قەلبىنىڭ ماھىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، قەلب گۈزەللىكىنىڭ ئېستېتىك تەربىيەدە تۇتقان ئورنىنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇشىمىز، ئۇنى ھەرگىزمۇ نەزەر ئېتىبارىمىزدىن چەتتە قالدۇرماسلىقىمىز كېرەك. قەلب گۈزەللىكىسىز ئېستېتىك تەربىيە بىر تەرەپلىمىلىك، ساختا، شەكىلۋازلىق ئېستېتىك تەربىيە بولۇپ قالىدۇ. قەلب گۈزەللىكى ئېستېتىك تەربىيىنىڭ گۈل تاجىسى، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك قەلب گۈزەللىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ.

بىزنىڭ غايىمىز، بىزنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىز پارلاق كوممۇنىزم جەمئىيىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت. بىز بۇ غايىمىزنى كوممۇنىستىك ئىدىيە ۋە مەنىۋىي گۈزەللىكسىز ئەمەلگە ئاشۇرالمايمىز. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ قەلب گۈزەللىكى گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش يولىدىكى غايەت زور كۈرەشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

دەۋرىمىز قەلب گۈزەللىكى بىلەن تەربىيەلەنگەن ئەۋلادلارغا بەكمۇ مۇھتاج. قەلب گۈزەللىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى چىڭ تۇتۇش، ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتى. قەلب گۈزەللىكىنىڭ ئېستېتىك تەربىيىدە تۇتقان ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، قەلب گۈزەللىك تەربىيىسىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش، ئۇنى كەڭ ۋە كۆپ خىل دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇش ئېستېتىك تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. قەلب گۈزەللىكى تەربىيەسىنى ياخشى، ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئۇزاق مۇددەت ئېلىپ بېرىش ياكى ئېلىپ بارالماسلىق مەسىلىسى توپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا ماركسىزملىق ئېستېتىكنىڭ تەربىيىنى قوبۇل قىلىش ياكى ئىنكار قىلىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە، شۇڭا، قەلب گۈزەللىكىنىڭ ئېستېتىك تەربىيىدە تۇتقان ئورنىنى توغرا باھالىشىمىز ۋە ئۇنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئىلمىي ئېستېتىك تەربىيىنى قوغدىغىلى، تەرەققىي قىلدۇرغىلى، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان ھەر تەرەپلىمە بەخت-سائادىتىنى ھەقىقىي تۈردە كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى ۋە كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

# «ئەقلىيە سۆزلىرى» ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

ئەنەيتۇللا قۇربان

(2)

ئىنسانىيەت بىلىملىرىنىڭ ھەممىسى تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن ئۆتۈپ، تەكرار سىناق ۋە بىلىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. ئەقلىيە سۆزلىرىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

ئەقلىيە سۆزلىرى ئەمەلىيەت جەريانىدا تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلەرنى ۋە ئۇلار ھەققىدىكى چۈشەنچە، بىلىملەرنى ئىپىكلەشتۈرۈپ، ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق پىكىرنى ئىخچام، مەنتىقىلىق، تەسىرچان قىلىپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلەردىن ئىبارەت.

ئەقلىيە سۆزلىرىدىكى ئوبرازلىق تىل ۋە ئىستىلىستىك ۋاستىلارنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بۇلارنى ئەقلىيە سۆزلىرى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلمەيدۇ.

«ئەقلىيە سۆزى» دېگىنىمىزدە، ئۇنى ئەقلىي تەپەككۇر، يەنى ئەقلىي-بىلىم ئىپادىلەنگەن سۆز دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇ خىل سۆزلەرنى ئادەتتە كىشىلەر «ئەقلىيە سۆزلىرى»، «ھېكمەتلىك سۆزلەر»، «مەشھۇر سۆزلەر»، «تەپەككۇر جەۋھەرلىرى»، «تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىماقتا، بەزىدە «ئەقلىيە سۆز» دېگەن ئورتاق نامىلا قوللىنىلىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن يۇقىرىدىكىلەر ھەققىدە ئايرىم-ئايرىم توختالغىنىمىزدا، «ھېكمەتلىك سۆزلەر» ئاساسەن تارىختا ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز ۋە زامانىمىزدىكى ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئۆز تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تۈرلۈك-تۈمەن ئىشلارغا دۇچ كېلىپ، ئۇلارنى ئوڭۇشلۇق بۆسۈپ ئۆتۈش ئاساسىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبە-ساۋاقلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇنى نەسىھەت تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كىشىلەر بۇ خىل سۆزلەردىن چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى مۇئەييەن تۇرمۇش بىلىملىرىگىمۇ ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى «ھېكمەت» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى مۆجىزە، دانىشمەنلىك تەبىر دېگەندەك بولۇپ، ئۇلارنى ھېكمەتلىك سۆزلەر دەپ ئاتايمىز. ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، ئوبرازچانلىقى ھەم تەسىرچانلىقى كۈچلۈك؛ شەكىل جەھەتتە يىغىنچاق، كۆپ ھاللاردا بىر ياكى بىر-ئىككى جۈملە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدى-

www.uyghurkitap.com

لىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان يەنە بىر تەرەپ، بۇ خىل سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسىدىكى ئەقىل ۋە بىلىم ئاساسىي جەھەتتىن كىشىلىك تۇرمۇشتىن ئېلىنىدۇ ۋە كىشىلەر ئېڭىغا بېرىپ يېتىدۇ.

مەشھۇر سۆزلەر بولسا چوڭقۇر مەنىلىك، ئەقلىي پىكىرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭدىكى بىلىم ئادەتتىكى تۇرمۇش بىلىمى بولماستىن، بەلكى ئالىم ۋە ئىختىراچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات ۋە كەشپىياتلىرىدا ياراتقان تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى چوڭقۇر بىلىم تىپلىرىدىن ئىبارەت. بۇ خىل سۆزلەرنى تەتقىقاتنىڭ باشلىنىشىدىكى ياكى تەتقىقات جەريانىدىكى ۋە ياكى خۇلاسىدىكى ئىلمىي مۇلاھىزىنىڭ ئۈزۈندىسى دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بىز ئۇنىڭدىن پۈتۈن مۇلاھىزە جەريانىنى كۆرگەندەك بولىمىز.

تەپەككۇر جەۋھەرلىرى ۋە تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى ئاساسەن ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى. تەپەككۇر دېگىنىمىز ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىلەن كىشىلەر مېڭىسىنىڭ، يەنى سۇبيېكتىپنىڭ ئورگانىك بىرىكىشىدىن ئىبارەت مۇنداقچە ئېيتقاندا، تەپەككۇر دېگىنىمىز ئويلاش، پىكىر يۈرگۈزۈش دېگەنلىك بولىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ھەر بىر ئادەم تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ، ئەمما بۇ تەدرىجىي ھالدا ھېس قىلىش، ئەقلىي چۈشەنچە، ئىلمىي خۇلاسىدىن ئىبارەت. باسقۇچلار ئارقىلىق بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقىمۇ، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش دەرىجىسى، مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىشى ئوخشاش بولمايدۇ.

تەپەككۇرنىڭ تۈپ نىگىزلىك جايى، يەنى تەبىئەت سىرلىرىنىڭ، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ھەمدە تۇرمۇش بىلىملىرىنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن تەرىپى تەپەككۇرنىڭ جەۋھىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق دېگىنىمىزدە بىر پۈتۈن تەپەككۇر جەريانىنىڭ ھەممىلا تەرىپى كۆزدە تۇتۇلماي، ئەڭ ئاساسلىق ماھىيەتلىك تەرىپى نەزەرگە ئېلىنىدۇ. مانا بۇ تەرەپ پۈتۈن جەريانغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان ھەم ئۇنى ئۆزىگە يىغىنچاقلىغان بولىدۇ. مەسىلەن: «ئۈمىت — ئۇ كىشى قەلبىدىكى چولپان، شۇنداقلا ئۇ كىشىلەرنى ھەر دائىم ئالغا ئۈندەيدىغان مەنىۋى ماياك» دېگەن بۇ تەپەككۇر جەۋھىرىدە ئۈمىتنىڭ ھەممە تەرەپلىرى، بارلىق خۇسۇسىيەتلىرى تەپسىلىي يېشىلمەستىن، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، ۋەكىللىك خۇسۇسىيىتىلا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بىز ئۇنىڭ مۇشۇ تەرىپىدىن ھەممە خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تەپەككۇر ئۇچقۇنى تەپەككۇر جەۋھىرىگە ئوخشاشلا تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى ئىلمىي پىكىر يۈرگۈزۈشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماھىيەتنى ئېچىپ بېرىشى ھەم چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى تەپەككۇر

جەۋھەرلىرىگە يەتمەيدۇ. تەپەككۇر جەۋھەرلىرى ئاساسەن مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئىلمىي خۇلاسىلەرنى ئاساس قىلسا، تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى مەسىلىلەرنىڭ قىسمەن تەرەپلىرىنى ھەمدە كەلگۈسى ھەققىدىكى ئىلمىي تەسەۋۋۇرلارنى ئاساس قىلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ئومۇمىيۈزلۈك شۇنداق دېگەنلىك ئەمەس. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە دىئالېكتىكىلىق باغلىنىش بار. بىز تەپەككۇرنى گۈلخانغا ئوخشاتساق ئۇنىڭ يالقۇنى ھەم ئۇچقۇنى بولىدۇ. يالقۇن ئۇچقۇنلارنى چاچرىتىدۇ؛ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇچقۇنلار لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان يالقۇننى ھاسىل قىلىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى ئومۇمىي تەپەككۇر جەريانىنىڭ قىسمەن تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق ھەم چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. مەسىلەن: «دۇنيادا ئادەم ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نىمە؟ ئىززەت-نەپسىنى ساقلاش؛ ئۆز ئېلىنىڭ شان-شەرىپىنى قوغداش. ئاچلىقتىن ئۆلۈش ھېچگەپ ئەمەس. لېكىن ئىززەت-ئابروينى، نومۇسىنى يوقۇتۇش ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەنلىك بىلەن باراۋەر.»① دېگەن تەپەككۇر ئۇچقۇنىدا ئادەملەر ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان قىممەتلىك نەرسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىلگەن. شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە چوڭقۇر نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى ھەقىقى ئادەم بولۇشقا ئۈندىگەن. ئەمما بۇ ئەقلىيە سۆزىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە يۇقىرىقى تەرەپلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ قىممەتلىك نەرسىلەر بار. يۇقىرىقى سۆزدە ئۇ خىل تەرەپلەر تەل-تۆكۈس، چوڭقۇر ھالدا ئېچىپ بېرىلمىگەن ھەم ئېچىپ بېرىلىشىمۇ ھاجەت ئەمەس. چۈنكى بۇ، ئومۇمى تەپەككۇر جەريانىنىڭ مەلۇم بۆلىكى، يەنى ئۇچقۇنى. مېنىڭچە تەپەككۇر ئۇچقۇنىنىڭ ئەكس ئەتتۇرۇش ئۇسۇلى ۋە دائىرىسى ئەنە شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. ئۇ تەپەككۇر جەۋھىرىدىن روشەن ھالدا پەرقلىنىدۇ. بۇ خىل پەرق ناھايىتى ئۈچۈق ھالدا «جەۋھەر» بىلەن «ئۇچقۇن» دا گەۋدىلەنگەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋالىمىزكى، ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھېكمەتلىك سۆزلەر، مەشھۇر سۆزلەر، تەپەككۇر جەۋھەرلىرى ۋە تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىشى ھەرگىزمۇ ئاساسسىز ئەمەس، كىشىلەرنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى ھەققىدىكى ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىيىتى مانا شۇنداق مەزمۇن جەھەتتىكى، يەنى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۇرۇش دەرىجىسى ۋە كېلىپ چىقىش ئاساسى، شۇنداقلا قاراتمىچانلىقىغا قاراپ، ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك نىسبى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بۆلەكلىرىنى بايقاپ چىققان. ئومۇمەن مانا مۇشۇ بۆلەكلەر يىغىنچاقلىنىپ ئەقلىيە سۆزلىرىنى تەشكىل قىلغان.

ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇيغۇرلار

www.uyghurkitap.com

ئىچىدىمۇ تارىختا ئەقلىيە سۆزى ئىجادىيىتى بىلەن مەخسۇس دېگىدەك شۇغۇللىنىپ كەلگەن مۇتەپەككۇرلەرنىڭ ئۆتكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: ئەبۇ ناسىر فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يۈكنەكى، ئەلشىر ناۋايى قاتارلىق بۈيۈك ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەپىرىدە ئەقلىيە سۆزى بېكىتىشكىمۇ قىممەتلىك ئىزلارنى سالغانلىقىنى تارىخىي پاكىتلاردىن كۆرەلەيمىز. بىز ئۇلارنى ئالىم، ئەدىب دېگەن ناملار بىلەنلا ئەمەس، بەلكى پەيلاسوپ ھەم مۇتەپەككۇر دېگەن سۆيۈملۈك ناملار بىلەنمۇ ئاتايمىز.

ئەقلىيە سۆزلىرى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا خېلى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان تەرەققىي قىلىپ كەلمەكتە. ئۇ يازما ئەدەبىياتتىن ئىلگىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان بولسا، ھازىرمۇ، يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى تېما دائىرىسى كەڭ، شەكلى ئىخچام بىر خىل ئەدەبىي شەكىل سۈپىتىدە ئۆز ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

## ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى

ئەقلىيە سۆزلىرى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان، ئۆزىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئىخچاملىقى بىلەن دۇنيا ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ تېگىشلىك ئورۇن ئېلىپ، تەبىئەت، جەمئىيەت بىلىملىرىنى، شۇنداقلا تۇرمۇش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى تەربىيىلەپ كەلمەكتە؛ كىشىلەرگە ئىستېتىك زوق بېغىشلاپ، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە قىلماقتا. بۇ يەردىكى ئەقىل، يەنى بىلىم چوڭقۇر مەزمۇنغا، كەڭ دائىرىگە ئىگە بولسىمۇ، شەكىل جەھەتتىكى ئىخچاملىقىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پىششىقلانغان، تېپىكلەشكەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەقلىيە سۆزلىرىدىكى مەزمۇن بىلەن شەكىل دىئالېكتىك باغلىنىشقا ئىگە بولۇپ، بىر-بىرىنى تولۇقلاش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە بىرلىككە ئىگە.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئەقلىيە سۆزلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئۆزىگە خاس شەكىل ياراتقان. ئۇمۇ شۇ شەكىل ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرىپىنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلغان. ئۇنىڭ تېماتىك دائىرىسى كەڭ بولۇپ، تەبىئەت ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە بىلىملەرنى؛ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ھادىسۋى ئۆزگىرىشلەر ھەققىدىكى ئىلمىي يەكۈنلەرنى؛ شۇنداقلا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق-چۈشەك بىلىملەرنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەمدە كەلگۈسى ھەققىدە ئىلمىي فانتازىيەلەرنىمۇ يۈرگۈزىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ رېئاللىقنى ئىپادىلەشتىكى دائىرىسى شۇنچە كەڭ بولسىمۇ، پۈتكۈل تەبى-

ەت ۋە ئىجتىمائى جەمئىيەتكە نىسبەتەن يەنىلا چەكلىك.

ئەقلىيە سۆزلىرى ئىنسانىيەت رېتىملىق ئەمگەككە قەدەم قويۇش بىلەن بىللە، تۇنجى مەدەنىيەتكە كۆز ئاچقىنىدىن بۇيان تەدرىجى هالدا شەكىللىنىشكە باشلىغان بىر خىل ئەدەبىي شەكىل. ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ئەقلى ئىقتىدارى ۋە تەبىئەت هەم جەمئىيەت هادىسىلىرى، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ئۆرپ-ئادەت، مۇناسىۋەتلەرنى تونۇپ يېتىشى، ماهىيەتلىك ئالاهىدىلىكلەرنى تېپىپ چىقىشى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. كىشىلەر ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان نەرسىلەر تېخى تىلسىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەقلىيە سۆزلىرىدە ئىپادىلىنىدىغان مەزمۇن تولىمۇ چەكلىك بولاتتى. بۇ خىل مەزمۇنلارنىڭ باغلىنىشچانلىقى ئاجىز، مەنتىقىلىقى، ۋە پەلسەپىۋىلىكى هەم ئاجىز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەكىل جەهەتتىكى تارقاقلىق ۋە چۇۋالچاقلىقمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەڭ دەسلەپكى ئەقلىيە سۆزلىرى مەزمۇن جەهەتتە تار دائىرىنى كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى بۇ خىل مەزمۇننىڭ مەنتىقىلىقى، پەلسەپىۋىلىكى هەم ئەقلىدارلىقى ئانچە قويۇق ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىقى ئانچە مول ئەمەس. بىرەر شەيئى ياكى هادىسە هەققىدىكى ئەقلىيە سۆزىنىڭ مەزمۇنى پەقەت شۇ بىرلا نەرسىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئوبرازلىق هالدا شۇ خىلدىكى باشقا نەرسىلەرنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈشتەك ئىجتىمائى مەزمۇنى تېخى شەكىللەنمىگەن، شەكىللەنگەن بولسىمۇ، قىسمەن هالدا ئىدى.

كېيىن كىشىلەرنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش هەققىدىكى بىۋاسىتە ئەمەلىيىتى ماهىيەتلىك مەسىلىلەرنى تونۇپ يېتىشكە ئەگىشىپ، بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئەقلىيە سۆزلىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى.

ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر هەم كەڭ دائىرىلىك. ئەمما بۇ ئۇزۇندىن-ئۇزۇن تەسۋىرلەنگەن ۋە بايان قىلىنغان بولماستىن، ئىنتايىن يىغىنچاقلانغان، تېپىكلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. بىرەر مەسىلە هەققىدىكى ئەقلىيە سۆزىدە، شۇ مەسىلىنىڭ ماهىيەتسىز تەرەپلىرى، يەنى هادىسىلىرى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ماهىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇ خۇددى تامچە سۇدا دېڭىز كۆرۈنگەنگە ئوخشايدۇ.

ئەقلىيە سۆزلىرى كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقچىللىققا، مىللىي تۈسكە شۇنداقلا مۇئەييەن سىنىپىلىققا ئىگە. چۈنكى ئەقلىيە سۆزلىرى ئۇزۇن تارىخى دەۋرلەردىن بۇيان خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمىنىنى ئۆزىگە يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، ئۇلارغا چوڭقۇر بىلىم بېرىش مەقسىدىدە مەيدانغا كەلگەچكە، ئۇلارغا تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك هادىسىلەر هەققىدە، ئەقەللىي چۈشەنچىلەرنى بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئۆزگەرتىشنىڭمۇ توغرا يولىنى كۆرسە-

www.uyghurkitap.com

تىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ۋەقە-ھادىسىلەرنى يىغىنچاق ھالدا ئىپادىلەپ، خەلققە مەنىۋى جەھەتتىن ئوزۇق بېرىپ، ۋە جەھەتتىن كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورالغا ئىگە قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقىمۇ، خەلق بۇ خىل ئەقلىي قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمران گۇرۇھ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىدۇ.

ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى (خاسلىقى) كونكرېت شارائىت ئىچىدە كونكرېت شەخسكە ياكى بىرەر شەخس ۋە ھادىسىگە باغلانغاندا نامايەن بولىدۇ. ئەنە شۇنداق بولۇشتىن ئىلگىرى ھەممە ئەقلىيە سۆزلىرى ئاساسەن ئومۇملۇققا ئىگە بولغان بولىدۇ. چۈنكى ئەقلىي كىشىلەرگە ئورتاق (ئەمما ئۇنىڭ دەرىجىسى ھەم كىشىلەرگە قوللىنىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ) شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كىشىلەر ئەقلىيە سۆزلىرىدىكى ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى بىلىملەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا قوبۇل قىلىپ ئالىدۇ.

ئىجتىمائىي مەنبەئى، يەنى ئىجتىمائىي مەزمۇنى قانچە كەڭ بولغان ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي رولىمۇ شۇنچە زور بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇلاق سۈيى قانچە تىرەنىدىن، قانچىلىك زور بېسىم بىلەن ئېتىلىپ چىقسا شۇنچە ئۇزۇنغا ۋە كەڭ يەرگە تارىلايدۇ. ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ مانا مۇشۇ جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىمۇ ئالاھىدىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر بىر ئەقلىيە سۆزى تەبىئەت، جەمئىيەت ھەم كىشىلىك تۇرمۇشتىكى زور ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ يىغىنچاق كارتىنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «كۈنلۈك ئىشنى سەھەردىن باشلا، يىللىق ئىشنى باھاردىن»② دېگەن سۆزنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ كىشىلەرگە بىر كۈنلۈك ئىشتا ھەم بىر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا قەدەمنى دەل ۋاقتىدا پۇختا ئېلىش لازىملىقىنى، بولمىسا «بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما، ئەتەكىنى قار باسار» دېگەندەك ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى قىسقىغىنە ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ بىر كۈنلۈك ئىشتىلا ئەمەس، بىر يىللىق ھاياتىمۇ كىشىلەرگە تەنبىھ ۋە نەسىھەت بېرىدىغان ئەقلىي «مەسلىھەتچى». مانا بۇ بىر جۈملە سۆز ئەينى ۋاقىتتا چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋەقە بەدىلىگە يارالغان.

ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئەڭ ئالدى بىلەن تىلنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئوبرازلىق تىل ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. تىل ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئۇ «ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى». جۈملىدىن ئەقلىيە سۆزلىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق. ئەدەبىي تىل بەدىئىي تىل بولۇپ (تار مەنىدە) ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئوبرازلىقلىقىدۇر. ئوبرازلىق تىل دېگىنىمىز شەيئى، خاراكتېر ۋە مەنزىرە قاتارلىقلارنى كونكرېت، جانلىق، گەۋدىلىك تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان تىل دېگەنلىكتۇر.

ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ توغرىلىقى ۋە ئىخچاملىقىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ يەردىكى توغرىلىقى دېگىنىمىز بىرەر شەيئىنىڭ ماھىيىتى، ھالىتى ۋە خۇسۇسىيىتىنى دەل جايىدا ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر. ئىخچام بولۇش دېگەنلىك، تىلنى ئىخچام ئاز سۆز بىلەن مول تۇرمۇش ۋە ئىدىيىنى ئىپادىلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

ئەقلىيە سۆزلىرىدىكى ھېس-تۇيغۇ خۇددى شېئىرلاردىكىدەك قويۇق ھەم يارقىن. چۈنكى ئۇمۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا يازغۇچىنىڭ كۈچلۈك ھېس-تۇيغۇسى سىڭگەن بولىدۇ. يازغۇچى، يەنى مۇتەپەككۇر ئۆزىنىڭ رېئاللىق ھەققىدىكى لىرىكىلىق ھېسسىياتىنى يىغىنچاق كارتىنا ئىچىدە، يەنى بىر نەچچە جۈملە ئىچىدە ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنى ئىنتايىن پىششىقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەقلىيە سۆزلىرىدىكى ھېس-تۇيغۇ ئىنتايىن قويۇق ھەم يارقىن بولىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى قانچە چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۇنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغان دائىرىسى شۇنچە كېڭىيىدۇ. مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتى شۇنچە يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىجتىمائىي مەزمۇنىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. ئۇنىڭغا ماس ھالدا ئۇنىڭ شەكلى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىخچاملىشىپ، تىل جەھەتتىكى ئوبرازچانلىقى كۈچىيىپ، تەسىرچانلىقى ئاشىدۇ.

## ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ باشقا ئەدەبىي ژانىرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئەقلىيە سۆزلىرى بىلەن باشقا ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە سۆز بولغاندا ئۇنىڭ باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە بولغان تەسىرىنى ۋە ئۇلاردىكى رولىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە ھەر بىر ئەقلىيە سۆزى ئۆز ئالدىغا بىر ئەسەر. چۈنكى ئۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئوبرازلىق ئىنكاسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مەنبەئى تۇرمۇش. تۇرمۇش رېئاللىقىدىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ماددا-مېڭىدە ئەكس ئېتىپ، يېزىق شەكلىدە مەيدانغا كېلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ شەكىل جەھەتتىمۇ ئوبرازلىق تىل، مۇكەممەل قۇرۇلما، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەرگە ئىگە بولۇپ، بىر مەركىزىي ئىدىيىنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇجەسسەملەشكەن ھەمدە ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. ئۇنداقتا باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەر تەركىبىدىمۇ بولامدۇ-يوق؟ مېنىڭچە، ئەقلىيە سۆزلىرى يالغۇز ئەدەبىي ئەسەر سۈپىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە بەزىدە، بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ (كۆپىنچە نەسرى ئەسەر ھەم

www.uyghurkitap.com

ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ) ھەمدە سىياسىي پوپلېستىك ماقالىلارنىڭمۇ ئېھتىياجى بىلەن شۇ ئەسەرنىڭ سىيۇژىتىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئەقلىيە سۆزلىرى بىرەر ئەسەرنىڭ تەركىبىگە كىرگەندە، شۇ ئەسەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ياكى بولمىسا شۇ ئەسەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسىنى بېيىتىدىغان، ئۇنى تېخىمۇ جانلىق، روشەن قىلىپ ئېچىپ بېرىدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولىشىمۇ مۇمكىن. ئەقلىيە سۆزلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ماقال-تەمسىللەر؛ شېئىرىيەتتىكى رۇبائىي ژانىرى ۋە بىر قىسىم قىتئەلەر (پارچىلار) ھەمدە بەزى خەلق قوشاقلىرى ۋە بىر قىسىم لەتىپىلەر بىلەن مەزمۇن جەھەتتە ئوخشىمىغان دەرىجىدە باغلىنىشلىق بولىدۇ. شۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ ماقال-تەمسىل ۋە رۇبائىي ژانىرى بىلەن بولغان مەزمۇنەن مۇناسىۋىتى بىر قەدەر قويۇق. بىز بۇ ھەقتە ئايرىم-ئايرىم توختۇلۇپ ئۆتىمىز:

مېنىڭچە، ئەقلىيە سۆزلىرى ماقال-تەمسىللەرنىڭ دەسلەپكى شەكلى ھەم ئاساسى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭدىمۇ خۇددى ماقال-تەمسىللەردىكىگە ئوخشاش جانلىق، ئىخچام شەكىل ئارقىلىق چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ھەم شۇ پىكىر ئارقىلىق كىشىلەرگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە بىلىم بېرىدۇ ۋە تەربىيە بېرىدۇ. ئەقلىيە سۆزلىرىمۇ ماقال-تەمسىللەرگە ئوخشاش چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇننى، مەنتىقىلىقى، پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك بولغان ئەقىلدار پىكىرلەرنى ئوبرازچانلىقى كۈچلۈك بولغان سۆزلەر ئارقىلىق يىغىنچاق، جانلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. قارىماققا بۇلاردا بىر خىللا ۋەقە ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، مەلۇم بىر تەرەپكە خىتاپ قىلىنغان، ئەقىل يۈرگۈزگەن ياكى بولمىسا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىنغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ ئەنە شۇ تەرىپى مەۋجۇت. ئەمما ئۇ ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلار، ئوبرازلىق تىللار ئارقىلىق كۆپ تەرەپلىمە ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئوبرازچانلىقى، دېمەك ئىجتىمائىي قىممىتى دەل مانا مۇشۇ يەردە.

ئەقلىيە سۆزلىرى بىلەن ماقال-تەمسىللەر مەزمۇن جەھەتتە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم ئىككى تەركىپ. بۇ خىل پەرق ئۇلارنىڭ بەدىئىي شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئەقلىيە سۆزلىرى ئاساسەن نەسرى شەكىلدە بولىدۇ. (شېئىر ۋە ماقال-تەمسىللەرنى شەكىللەندۈرۈشتىن بۇرۇن.) ماقال-تەمسىللەر بولسا ئۆزىگە مۇجەسسەملەنگەن مەزمۇن ئاساسىدا بەلگۈلۈك ۋەزىن، رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە بولىدۇ، بەزى ماقال-تەمسىللەر قاپىيىداش كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى سۆزلەرنىڭ جىپسىلىقى شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇكى، بىرەر سۆزنى قوشۇپ قويۇشقىمۇ ياكى ئېلىۋېتىشكىمۇ ھەمدە ئالماشتۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. دېمەك ما-

قال-تەمسىللەردىكى بەلگىلىك ۋەزىن، رىتىم نۇراق ھەم قاپىيە ئاساسىدا تاكامۇللىشىش ئۇنىڭ شېئىرى خۇسۇسىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بەزى ماقال-تەمسىللەردە شېئىرى شەكىل بولمىسىمۇ، جۈملە ئىچىدىكى ئىككى سۆز باشتىن قاپىيىداش بولۇپ كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى بىز ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ ئەسلى شەكلىدىن ئۇچرىتالمايمىز. يەنە بىر تەرەپتىن ماقال-تەمسىللەر ئەقلىيە سۆزلىرى ئاساسىدا شەكىللىنىپ بارغاچقا، ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇنداق ئۈستۈنلۈك مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئىخچام پىششىقلىنىشتا كۆرۈلىدۇ.

ماقال-تەمسىللەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تەرەققىيات جەريانىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاغزاكىلىقى، كوللېكتىپچانلىقى ۋە ئومۇم خەلق تەرىپىدىن ئورتاق قوللىنىپ تەدرىجى پىششىقلانغانلىقى بىلەن ھېچكىمگە ئاپتورلۇق ھوقۇقى بەرمىسىمۇ، دەسلەپكى شەكىللىنىش ئاساسى، مەنبەئى ۋە باشقا جەھەتلەردىن قويۇق مىللى ئالاھىدىلىككە ھەم ئېتنوگرافىك ئورگىنالىلىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى شەكىللىنىشىدە ھامان مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئىجادى ئەمگىكى ۋەكىللىك ئورۇندا تۇرىدۇ، گەرچە كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن ئورتاق قوللىنىپ، خەلق ئېغىز ئىجادىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئومۇمەن ئۇ ماقال-تەمسىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش جەريانىدا خەلق تەرىپىدىن تولۇقلىنىش، پىششىقلىنىش قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزۇن تارىخى تەرەققىيات جەريانىدىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرى بىلەن بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى يەكۈنلەپ كۆرسىتىپ بېرىدىغان، كىشىلەرگە ئۈلگە، ئىبرەت بولۇش ئارقىلىق ئۇلارنى تەربىيىلەيدىغان ھەمدە ئۇلارغا يىغىنچاق، جانلىق كارتىنىلار ئىچىدە چوڭقۇر بىلىم بېرىدىغان؛ شەكىل جەھەتتە بەلگىلىك رىتىم، ۋەزىن، تۇراق ئاساسىدا پىششىقلىنىپ، قېلىپلاشقان ئەقلىيە سۆزلىرى ئادەتتە ماقال-تەمسىل بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئاساسى ئەقلىيە سۆزلىرىدىن ئىبارەت. ماقال-تەمسىللەر ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوبرازچانلىقى، تەسىرچانلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. مەسىلەن: «ئۈژمە پىش ئاغزىمغا چۈش» دېگەن ماقال بىرەر ئىشقا ئەجىر سىڭدۈرمەيلا ئۇنىڭ ھالاۋىتىنى، پايدىسىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارغا ئېيتىلىدۇ. بۇ ئەسلى بىرەر ئىشنىڭ پايدىسى ياكى ھالاۋىتىنى كۆرىمەن دەيدىكەنسەن شۇنىڭغا ئەجىر سىڭدۈرۈشۈڭ كېرەك دېگەنگە ئوخشاش ئەقلىيە سۆزلىرىدىن كەلگەن.

دېمەك، ماقال-تەمسىللەر ئەينى ۋاقىتتا ئەقلىيە سۆزلىرى بولۇپ، ئۇنى، يەنى ئەقلىيەلەرنى ئىنسانلار ئۆز ئەمەلىيىتىدە قوللىنىش جەريانىدا نۇتۇقتا ماسلاشتۇرۇش، مەزمۇننى بېيىتىش ۋە بەدىئىيلىككە ئىشلەش ئارقىلىق تەدرىجى ھالدا

قىلىپلىشىش باسقۇچىغا قاراپ يۈكسەلدۇردى. يېزىق شەكىللەنمىگەن دەۋرلەردە كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات تارىخىنى خاتىرىلەپ قويۇشى بىر ئوبيېكتىپ قىيىنچىلىق ئىدى. بۇ خىل تەبىئىي توسالغۇنى بىر تەرەپ قىلىشتا، كىشىلەر بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مەزمۇن جەھەتتە پىششىقلاپ، شەكىل جەھەتتە ئىخچاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ رىتىمىنى، ئاھاڭدارلىقىنى... كۈچەيتىپ، ئوڭاي ئەستە قالدۇرۇش دەرىجىسىگە كۆتەردى. ماقال-تەمسىللەرنىڭ شەكىللىنىشىمۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا بولمىسا كېرەك. ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ ئىدىيىۋىلىك ھەم بەدىئىيلىك جەھەتتە يۈكسەك كامالەتكە يەتكەن، خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن تەدرىجى ھالدا پىششىقلىنىپ ھەمدە قىلىپلىشىپ بارغان ئەقلىيە سۆزلىرى ماقال-تەمسىل دەرىجىسىگە كۆتىرىلەيدۇ.

ئەقلىيە سۆزلىرى ئۆز نۆۋىتىدە شېئىرىيەتتىكى رۇبائىي ژانىرى بىلەنمۇ مەزمۇن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، رۇبائىيلار پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە شېئىرىيەتنىڭ باشقا شەكىللىرىدىن (تارماقلىرىدىن) پەرقلىنىدۇ. شۇ نۇقتىدىن رۇبائىيلارنى پەلسەپىلىك پىكىرلەرنىڭ شېئىر بىلەن ئىپادىلىنىش شەكلى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل ژانىر شائىرنىڭ رېئال ھاياتنى چوڭقۇر كۆزىتىشتىن ھاسىل قىلغان مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن پىكىر-تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن يىغىنچاقلانغان خۇلاسىسى بولۇپ، ئۇ كۆپ ھاللاردا ئاساسەن پەلسەپىۋى پىكىر-مۇلاھىزىلەردىن ياكى ھېكمەتتىن تەركىپ تاپىدۇ. شۇڭا ئۇ بەزىدە «پەلسەپىلىك شېئىر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، رۇبائىيدا شائىرنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدىكى پەلسەپىلىك پىكىرلەرلا ئەكس ئېتىپ قالماستىن، بەلكى باشقا ھەر خىل تېمىلاردىمۇ يېزىلىدۇ. گەرچە بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ مەزمۇن دەرىجىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ باشقا شېئىرلاردىن پەرقلىق ھالدا مەنتىقىلىقى ۋە پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك بولغان ئەقىلدار سۆزلەرنى (پىكىرلەرنى) يىغىنچاق كارتىنا ئىچىدە، ئارتۇقچە تەسۋىرى بولمىغان ئىخچام ۋە پىششىق قۇرۇلما ئىچىدە ئىپادىلەيدۇ.

ئەقلىيە سۆزلىرى يەنە بەزى يىغىنچاق، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ئەكس ئەتتۈرگەن قىتئەلەر (پارچىلار) بىلەن ھەمدە بەزى خەلق قوشاقلىرى بىلەنمۇ مەزمۇن جەھەتتە باغلىنىشلىق كېلىدۇ. بولۇپمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى پەند-نەسىھەت قوشاقلىرى بۇ نۇقتىنى بىر قەدەر تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. پەند-نەسىھەتلەر تەربىيە خاراكتېرىنى ئالغان شېئىرلاردىن ئېلىنغان پارچىلار بولۇپ، بۇ كىشىلەرنى بىلىم ئىگەللەشكە، ئۆگىنىشكە، ياخشى خىسلەتلىك بولۇشقا، ئۆزىنى ساپ تۇتۇپ، ئادەمگەرچىل بولۇشقا!.. خەلقنى سۆيۈشكە ئۈندەيدىغان شېئىرلاردۇر. بۇ شېئىرلارنىڭ تىلى بىر قەدەر پىششىق، يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن، مۇلاھىزىسى چوڭقۇر

ھەم دەل جايىدا، مەنتىقىدارلىقى كۈچلۈك، بۇ خىل شېئىرلارنىڭ ئىجتىمائى قىممەتى ئەينى تارىخى دەۋرگە نىسبەتەن خېلى ئىلغار رول ئوينىغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەجرىبە-ساۋاقلىرىنىڭ يەكۈنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەخلاقى، ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭمۇ گەۋدىلىك ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە «دىۋان» غا كىرگۈزۈلگەن پەند-نەسىھەت قوشاقلىرىدىن بىر نەچچىنى كۆرۈپ باقايلى:

ərdəmtilə egrənibən bolma kūvəz,
ərdəmsizin egūnsə ənməgū zəənər,

[پەزىلەت تىلە، ئۆگىنىش بىلەن مەغرۇرلانما،
(كىمكى) پەزىلەتسىز تۇرۇپ مەغرۇرلانسا، سىناقتا ھودۇقىدۇ] ①

kixka ətin kəlsə kalï kutluoq yay
tünkūn kəqə alkïnur θzlək bilə äy

(بەرىكەتلىك ياز كەلسە قىشنىڭ تەييارلىقىنى قىل، كۈن ۋە تۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋاقىت ئايلار ئۆتىدۇ (ئۆتۈپ كېتىدۇ).

مانا بۇ قوشاقلاردىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، بۇلار خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەخلاقى ھەم ھېكمەتلىك پىكىرلىرىنىڭ بەلگۈلۈك رېتىم، ۋەزىن، قاپىيە ۋاستىسىدا ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرقى مىساللارنىڭ بىرىنچىسى مەغرۇرلۇق «ۋە نادانلىق-ھېكمەت ئىزلەش ۋە بىلىم ئۆگىنىشنىڭ دۈشمىنى» دېگەن ئەقلىيە سۆزىنى: ئىككىنچىدىن «بۈگۈن ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىنى كۆرۈپ ئۇ يولدا تىنماي ئىزلەنگەن ئادەم دانادۇر» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئەقلىيە سۆزلىرى بەزى خەلق قوشاقلىرى بىلەنمۇ مەزمۇن جەھەتتە بىر قەدەر زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. بۇنداق مۇناسىۋەت تەسادىپى شەكىللىنىپ قالغان بولماستىن، بەلكى ئۇزۇن يىللىق تارىخىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ئەمگەكچى خەلقىنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش، ئىجتىمائىي ۋەقەلەرگە بىۋاستە قاتنىشىش ھەمدە كىشىلىك تۇرمۇش جەريانىدىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى چۈشىنىپ يېتىش ئارقىلىق، ئۇلاردىكى مەنتىقىي باغلىنىشلارنى، پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئۆزىگە جۇغلاپ، ئۇنى شېئىرىيەت يولى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل مەزمۇنلار شېئىرىيەت يولى بىلەن ئىپادىلىنىشتىن بۇرۇن، شۈبھىسىزكى، كىشىلەرنىڭ ئەمەلى تەجرىبىسى ئاساسىدا يەكۈنلەنگەن چوڭقۇر پەلسەپىۋى خاراكتېردىكى ئەقلىيە سۆزلىرى ئىدى. مەسىلەن:

---

① «تۈركى تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە كونا يېزىق نەشرى 1 - توم 335 - بەت.
② «تۈركى تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم 112 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى تارتمىغان ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

دېگەن خەلق قوشىقىدا «يامانىنى كۆرمەي ياخشىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ»، «جاپانى تارتماي راھەتنىڭ (بەختنىڭ) قەدرىگە يەتكىلى بولمايدۇ» دېگەن پەلسەپىۋى پىكىر شېئىرى ئۇسۇل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنداق قوشاقلارنى خەلق قوشاقلىرى غەزىنىسىدىن يەنە كۆپلەپ تېپىشقا بولىدۇ. يۇقىرىقى نەزەرىيىۋى چۈشەنچە بويىچە كۆزەتكەندە ئۇلارنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى بىلەن بولغان مەزمۇنەن مۇناسىۋىتىنى ھەمدە روشەن پەرقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ لەتىپىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس. بىزنىڭ بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان لەتىپىلىرىمىز ئاساسەن نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بىزگە مەلۇم، ئەپەندى لەتىپىلىرى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى بولمىغۇر ئىللەتلەرنى، ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ چىرىكلىكى ۋە ياۋۇزلىقىنى پاش قىلىپلا قالماستىن، ئەمگەكچى خەلققە ھېسداشلىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارغا مەسلىھەت بېرىپ، ئەقىل ئۆگىتىدۇ. شۇڭا لەتىپىلەرمۇ ئەقلىيە سۆزلىرىگە ئوخشاش ئالاھىدە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپە ئەدەبىياتى سەھنىسىدە بەزىدە خەلق دۈشمەنلىرىنى پاش قىلغۇچى ئادىل، دانا، چېۋەر سوتچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقسا؛ بەزىدە خەلقنىڭ ئەقىللىق، تەدبىرلىك ياردەمچىسى، مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. بەزىدە بولسا ئاقكۆڭۈل، ھەتتا ئادەتتىكى تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالماي تەمتىرەپ يۈرىدىغان ساددا كىشى قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ قايسىسىدىلا بولسۇن، ئەپەندى پەيدا بولىدىكەن، يا ئۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى مەلۇم بىر ھادىسىنىڭ ماھىيىتىگە چۈشۈنۈپ يېتىمىز؛ يا ئۇنىڭدىن بىرەر ئەقىل ئۆگىنىۋالىمىز. چۈنكى ئەپەندى ئۆز لەتىپىلىرىدە ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەر ھەم زىددىيەتلىك شارائىت ئىچىدە ياشاپ تۇرىدۇ. مانا شۇ چاغدا بىز ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايمىز. ئۇنىڭ ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىشىنى كۈتىمىز. نەسىردىن ئەپەندى بولسا ئۇ خىل مەسىلىلەرنى ھېچ بىر تەمتىرىمەستىن بىر جۈملە سۆز بىلەنلا پۈتۈنلەي ھەل قىلىپ تاشلايدۇ.

بەزى ئەپەندى لەتىپىلىرى ئاساسەن ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ سيۇژىتلاشقان شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر لەتىپە كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇننى قاتتىق كۈلكە ئىچىدە يورۇتۇپ بېرىدۇ. بىز ئەنە شۇ ھەجۋى كۈلكىدىن چوڭقۇر بىلىم ئالىمىز. مەسىلەن:

ئەپەندىم شەھەر قازىخانىسىنىڭ يېنىدىن كېتىۋاتقىنىدا، كىشىلەر قازىخانىنىڭ تېمىغا كۆمۈلاچ ئېتىپ، ئۇنى ئىگىزلىتىۋاتقان ئىكەن.

— تامنى ئىگىزلىتىپ نېمە قىلىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— ئوغرى كىرمىسۇن دەپ تامنى ئىگىزلىتىۋاتىمىز — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ كىشىلەر.

— بىھۇدە ئىش قىلىۋېتىپسىلەر — دەپتۇ ئەپەندىم ئۇلارنى — ئوغرىنىڭ چوڭى تامنىڭ ئىچىدە تۇرسا ئۇنىڭغا ئىگىز تام دال بولالامدۇ؟①

مانا بۇ قىسقىغىنە لەتىپىدە ئەپەندىم بىزگە كونا جەمئىيەتتىكى يۇقىرى تەبىقە كۈچلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغرى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ قان-تەرىنى شوراپ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغانلىقىنى، ئۆز ئىچىدە بولسا مەنپەئەت تالىشىش كۆرىشىنىڭ ئۆتكۈر بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن لەتىپىلەردە ئىپادىلەنگەن ئەقلىيە سۆزلىرى نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ يېشىمىدىكى بىر-ئىككى جۈملە سۆزدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ ھال ئادەتتە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ئاخىرىدا بىز ئويلاپ يەتمىگەن ئۇسۇل-چارە ۋە ھېكمەتلەر بىلەن چىگىش مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىپ، بىزنى پۇخادىن چىققىچە كۈلدۈرىدۇ ۋە شۇ كۈلكە بىلەن تەڭ بىزگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەقىل سوغا قىلىدۇ. مەسىلەن:

«نەپسخور بىر ئادەم ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، دانا ئادەمسىز، ئېيتىپ بېقىڭا، كىشى قانداق ۋاقىتتا ئەقىلدىن ئازىدۇ؟

— ئەقلىگە نەپسى مىنىۋالغاندا — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەپەندىم.»②

بۇ لەتىپىدە ئەپەندىمنىڭ جاۋابى ئادەتتىكى كۈلكىلىك گەپتەكلا تۇيۇلىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەتتىكىچىلا بولۇپ قالماستىن، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇن سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، يىغىنچاق پەلسەپىۋى پىكىر مەيدانغا چىققان بولىدۇ. ئومۇمەن بۇ لەتىپىدە «ئەقىلغا نەپسى مىنىۋالغاندا ئادەم ئەقىلدىن ئادىشىدۇ» دېگەن ئەقلىيە سۆزى يىغىنچاق ھەم تەسىرچان قىلىپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان لەتىپىلەردە يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

دېمەك، ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ باشقا ئەدەبىي ژانىرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يۇقىرىقىلار بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. يەنە نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي شەكىللەر بىلەن مەزمۇنەن مۇناسىۋەتلىك كېلىشى مۇمكىن. ئەمما بىزنىڭ ماقالىمىزدا بۇ ھەقتە ئالا-

① «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» ئۇيغۇرچە كونا يېزىق نەشرى.

② يۇقىرىقى كىتابتىن.

# جاپالىق يىللاردىكى جەڭگىۋار ئەدەبىيات

نۇر مۇھەممەت زامان

40 - يىللار خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن يىللار بولدى.

1940 - يىلى جاھان فاشىستلىرى تېخىمۇ غالجىرلاشتى، گىتلىر گېرمانىيىسى ياۋروپانىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك قىسمىنى بىراقلا يۇتىۋالدى؛ ئىتالىيە بىلەن ياپونىيە ھەربى ئىتتىپاق تۈزۈپ، دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشۈۋالماقچى بولۇشتى؛ 1941 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى گېرمانىيە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئۇشتۇمتۇت تاجاۋۇز قىلىپ كىردى... فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش جاپالىق يىللارغا قەدەم قويدى.

دۆلەت ئىچىدە بولسا، چوڭ پومېشچىك، چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغان جياڭجېيشى گومىنداڭى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق كۈچى بولغان ئازاد رايونلارغا ۋە ئىنقىلابىي كۈچلەرگە قارشى قامال يۈرگۈزدى. كومپارتىيىگە قارشى ئارقا - ئارقىدىن دولقۇن كۆتەردى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنى لەرزىگە سالغان «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» ئۇنىڭ بىر مىسالى. شىنجاڭنىڭ بۇ چاغدىكى سىياسى ۋەزىيىتىمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىدى. بۇ مەزگىلدە شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قارا نىيەت شېڭ شىسەي نىقاۋىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەسلى ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىنى تۇتقۇن قىلدى ۋە چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنى ئۆلتۈردى. ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭغا قارىتا دەھشەتلىك

ھىدە توختۇلۇپ ئۆتۈلمىدى. ماقالىمىز ئەقلىيە سۆزلىرى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە بولغاچقا شۇ ھەقتە ئومۇمىي چۈشەنچە ۋە بىر قىسىم ئىزدىنىشلار بىلەنلا چەكلەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەۋىيە ۋە سەھىپە جەھەتتىكى سەۋەبلەرمۇ مەۋجۇت. شۇڭا، بۇ ھەقتە كۆپلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ سىستېمىلىق نەزەرىيىسىنى تۈزۈپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئاق تېرتۇرلۇق يۈرگىزىپ ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر ۋە ھەر مىللەت زىيالىيلىرىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك تۇتقۇن قىلىشنى باشلاپ، ئۇلارنى پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈردى. كۈچلۈك ئىرادە، ئۇلۇغۋار غايىسىدىن ۋاز كەچمىگەن خالىمىغان جاپالىق يىللارنىڭ باتۇر پەرزەنتلىرى جاللات شېڭشىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى. 1944-يىلى 11-ئايدا پارتلىغان ئىلىقا قوزغىلىڭى شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىنقىلاب تېزلىكتە جەنۇبتىكى يەتتە ۋىلايەتكىمۇ كېڭىيىپ، شىنجاڭ ئىنقىلابىي تۈسىنى ئالدى. جىياڭجېشى ھاكىمىيىتى يانار تاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيتتى. شۇڭا ئۇ ھەربىي يول بىلەن باستۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپلا قالماستىن، سۇيىقەست، ھىلە-مىكىر ۋە ئالدامچىلىق ئۇسۇلىنىمۇ ئىشقا سالدى. بۇ رايونلاردىكى ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر گومىنداڭ يۈرگۈزگەن پاجىئەلىك زىيانكەشلىككە باش ئەگمىدى، تىز پۈكمىدى؛ ساختا تەشۋىقاتلىرىغا ئالدانمىدى، بەلكى خەۋپلىك جەڭگىۋار ئورۇنلىرىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى. داغدۇغىلىق قانات يايغان ئاممىۋى دېموكراتىيە ھەرىكىتىنى قوللاش، خەلقنى رىغبەتلەندۈرۈش، گومىنداڭ فاشىستلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش ۋەزىپىسىنى پىداكارلىق بىلەن ئورۇندىدى.

چېلىش يىللىرىنىڭ باتۇر كۈيچىسى، ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ يىللاردا «باتۇر يىللار»، «جۇڭگو قىزى رەيھاننىڭ مارت شامىلىغا بۇيرىقى»، «يانار تاغلار»، «يىللارغا جاۋاپ»، «كەل باھار»، «خىيالچان تىلەك» قاتارلىق لىرىك شېئىرلار؛ «پادىشا سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ»، «ئەجەل ھودۇقىشىدا» قاتارلىق جەڭگىۋار فىلىيەتونلار؛ «چىمەنگۈل»، «كۈرەش قىزى»، «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» قاتارلىق دىراممىلار ۋە ئىلمىي نەزەرىيىۋى ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. ۋۇجۇدىدا يالقۇنجاپ تۇرغان زوق-شوقىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسۇل، زور ھاياجان بىلەن ئۇرغۇتۇپ شېئىرى مىسرالىرىغا سىڭدۈردى. بولۇپمۇ «يىللارغا جاۋاپ» ناملىق شېئىرىدا ئۆز ئىشىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن ھاياجان ئىچىدە:

يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاخلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆردەمەن ئۆلۈمنى.

دەپ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈردى.

شائىر نىمشېھىتمۇ بۇ يىللاردا خەلقنىڭ دەركىنلىكى، ۋەتەن، ئازادلىقنى كۈيلەپ كۆپلىگەن شېئىرلار يازدى. ئۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قورال تۇتماي، كۈرەش قىلماي پەقەت ئەركىن
ياشالمايمەن،
جاھان بازارىدا شۇنداقلا ئازادلىقنىڭ
سەۋداسى.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق پەقەت قۇراللىق كۈرەش ئارقىلىقلا ئازادلىققا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلدى. ئۇ دۈشمەننىڭ ھەرخىل ھىلە-نەيرەڭلىرى ۋە سۈلھى تەنپەنلىرىگە ئالدانماسلىققا، كۈرەشتىن تايماسلىققا ئۈزۈل-كېسىل ئاداققىچە ئېلىشىپ، زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى:

ئۇ بەدبەخلەرنى ئىنساپقا كېلۇر دەپ ئويلىما ھەرگىز،
كۈرەش قىلماق بۇ كۈندە بولدى ھەممە ئىشنىڭ ئەلاسى.
دىلىڭغا ئەسلى ئۇقسان يەتمىسۇن تۈرلۈك گۇمانلاردىن،
گۈلۈڭنى سولدۇرمىسۇن ھەرگىز ئۇلارنىڭ پىتنە-ئىغۋاسى.

نەمشىبھەت بۇ مەزگىلدە يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىجتىمائىي ئازادلىق تېمىسىدىن باشقا ئىلىم-پەن، مەرىپەت، ئۆگىنىش توغرىسىدىمۇ خېلى كۆپ شېئىرلار يازدى. ھەمدە ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە مول ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ ئىزچىللىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى ئىنقىلابىي دەۋر تېمىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇشتە ماھىرلىق بىلەن قوللاندى. داستانچىلىق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ناھايىتى قەدىم زامانلاردا پەيدا بولغان بىر خىل شەكىل ئىدى. شائىر شېئىرىيىتىمىزنىڭ بۇ چوڭ تۈرىدىمۇ شېئىرلار يېزىپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى داستانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ياخشى ئۈلگە بىلەن تەمىنلىدى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈردى.

شائىر ئەھمەت زىيائى بۇ دەۋردە ئۆز ئىجادىيىتىدىكى دېموكراتىك ئەركىن-لىك سادالىرى بىلەن زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە قارشى كەسكىن كۈرەش قىلدى، «رابىيە سەئىدىن» ئوپېراسى، «تاڭ (قەن) پاجىئەسى» ناملىق ھېكايىسى، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خىسلەت ۋە سەنئەت ئۈنچىلىرى» قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي نەزەرىيىۋى ماقالە، ئەدەبىي ئوبزورلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ خەلقنى قۇللۇقتا تۇتۇش سىياسىتىنى پاش قىلدى. 1947-يىلىغا كەلگەندە «توزىماس چېچەكلەر»، «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» قاتارلىق كىتابلارنى ئېلان قىلىپ، ئەدەبىيات تارىخىي تەرەققىياتىغا زور مەزمۇن بېغىشلىدى. «لاداخ يولىدا كارۋان» 40-يىللاردىكى نەسرى ئەدەبىيات-مىزنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. «توزىماس چېچەكلەر» شائىرنىڭ ئەشۇ زۇلمەتلىك دەۋردە جەمىيەتكە كەڭ تارقالغان سىياسىي پوبلىستكا خاراكتېرىدىكى ئەسىرى، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ تېما دائىرىسى بىر

قەدەر كەڭ، مەزمۇنى چوڭقۇر، شەكلى رەڭمۇ-رەڭ. ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىرنىڭ زوراۋانلىق ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان قەتئىي ئىرادىسى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ:

يۇرت-ئەل ئۈچۈن تارتقان ئازابىنى،
شاھلىق تەختىگە قىياس ئەتكۈلۈك.

خەلق يولىدىكى بىر مىنۇت قايغۇ،
مىڭ يىللىق راھەت ئۈچۈن يەتكۈلۈك.

ئەلنىڭ بەختىنى كۆزلەپ ئەي زىبا،
يىغلىسا يىغلاپ، كۈلسە كۈلگۈلۈك.

بۇ غەزەلدە شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى روشەن چاقناپ تۇرىدۇ. ئەھمەت زىيائى شېئىرلىرى مەزمۇن جەھەتتىنلا ئەمەس بەدىئىي جەھەتتىنمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت كۆپلىگەن شائىرلارنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. جۈملىدىن بىلال ئەزىزى، نۇر مەھەممەت ئېركى قاتارلىق شائىرلار ئەينى يىللاردىلا زىيائى غەزەل-لىرىگە مۇخەممەس يازغان ۋە تەقلىت قىلىشقان. بۇنىڭدىن ئەھمەت زىيائىنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئۇيغۇر پۇروزىسىدىلا ئەمەس بەلكى شېئىرىيەت تەرەققىياتىغىمۇ بەلگۈلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، زور رول ئوينىغانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

ئابدىرېھىم تىلەشۇپ ئۆتكۈر 1940-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «يېڭى نۇر» ژۇرنىلىدا ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى «گاڭ قانات لاچىن»، «كۈرەش دولقۇنلىرى» قاتارلىق كۆپلىگەن شېئىر ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. 1942-يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «يېڭى جۇڭگو گۈلۈستانىغا» ناملىق داستانى بىلەن «تامچە قاندىن مىليون چېچەكلەر» ناملىق دىراممىسى شائىرنىڭ شۇ يىللاردىكى ئەسەرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ 1943-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ل. مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە «چىن مودەن» دىراممىسىنى يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ «يۈرەك مۇڭلىرى». «تارىم بويلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، ئەنە شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.

ئەينى دەۋردە ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر گومىنداڭ ئەكسى-يەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى ئېخىمۇ شىددەتلىك ئېلىپ باردى.

3 ۋىلايەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت، ئىچكىرىدىكى ئازاد رايونلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاۋراق كەتكەنلىكتىن، بۇ رايوندا مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت،

www.uyghurkitap.com

تەشۋىقاتچىلىق ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئەمما بۇ چاغلاردا يەنئەندە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مەدەنىي-مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت، مەتبۇئات ئورۇنلىرىنى تەشكىل قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن ماركسىزم-لېنىنىزم ئەسەرلىرى، ۋە ھەر خىل گېزىت-ژۇرناللار شىنجاڭغا داۋاملىق كەلتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بۇ ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت زىيالىلىرى ئىلغار ئەدەبىيات ۋە ئىلغار مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن ئىدى. مۇشۇنداق قۇلايلىق شارائىت، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنى-مائارىپ، ئەدەبىيات، سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلىغان ئىدى. ھەر قايسى جايلاردىكى يەرلىك گېزىت-ژۇرناللار جانلىنىپ كەتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋىلايەتلەردىكى ئاخبارات چۆڭ-چېك «مەركىزى ئارگىنىتلىقى» دېن ئېلىناتتى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئاخبارات يەنئەندىكى «شىنخۇاشې ئاخبارات ئاگېنتلىقى» دىن ئېلىناتتى. ئۈچ ۋىلايەتتە 6-7 خىل تىلدا گېزىت چىقىرىشتىن تاشقىرى «كۆرەش»، «ئىنقىلابچىل ياشلار»، «تاڭ چولپىنى»، «بام ئارناسى» قاتارلىق ژۇرناللارمۇ چىقتى، بولۇپمۇ 1948-يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى مىللى ئازادلىق كۆرىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ خەلقىمىز ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە كۆمۈلۈپ ياتقان ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنى ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا تەقتىم قىلىش. شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيەت سېپىدىكى كۆرەشنىڭ ماھىيىتىنى، ھەمدە ھەر ساھەدىكى ئىلغار ئادەملەر ۋە پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى تونۇشتۇرۇش جەھەتتە خېلى كۈچ چىقاردى. بۇ گېزىت ژۇرناللاردا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ يولىيورۇق خاراكتېرلىك ھۆججەت ماقالىلىرى، ماۋزېدۇڭ، لىيوشياۋچى، جۇدې، جۇئېنلەي قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ نۇتۇق ۋە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىنىپى ماھىيىتى پاش قىلىندى.

ئاقارغان يۈز، قىيىلغان قاش، قۇيۇلغان ياش،
كېسىلگەن باش، چۇۋۇلغان چاچ، تۆكۈلگەن قان؛
تىتىلغان تەن، تۈرۈلگەن مۇش، كىرىشكەن چىش،
پۈتمەس غەزەپ ئىزى بولۇپ چىقتى بۇ جان.

ئەنۋەر ناسىرى ئۆز ئىجادىيىتىدە كۈچلۈك ئىنقىلابىيلىقتا ئىگە بولغان ئەنە شۇنداق يالقۇنلۇق شېئىرلىرى ئارقىلىق ئىنقىلابنى تەشۋىق قىلدى. ئەنۋەر ناسىرى ھازىرقى زامان ئەركىن شېئىرىيىتىنىڭ ئۈلگۈلىرىنى مىللى شېئىرىيىتىمىزنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ھاياتىدا مىللى ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز ئۈچۈن ئاز ئەمما قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇردى.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان زۇنۇن قادىرى ئەدەبىياتىمىزغا رېئالىستىك پۇرۇزىنى ئېلىپ كىردى. دىراماتورگىيىمىزدە بىرىنچى بولۇپ رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇشنى باشلاپ بەردى. زۇنۇن قادىرىنىڭ «جاھالەتنىڭ جاپاسى»، «غۇنچەم» ناملىق دىراممىلىرى، «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «ماغدىر كەتكەندە» قاتارلىق ھېكايىلىرى ۋە بىر مۇنچىلىغان شېئىر، مەسەل، پوبلىستىك ماقالىلىرى مۇشۇ دەۋردە يېزىلدى. 1945-يىلى يېزىلغان «مۇئەللىمنىڭ خېتى» ناملىق ھېكايىسىدا، ئىككى ئۇيغۇر مۇئەللىمنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايوندا بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق رېئال ھاياتنىڭ بەدىئىي كۆرۈنىشى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاپتور شېكشىسەيىنىڭ مىللى مائارىپقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى، مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغان مائارىپچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىپ، ئەينى دەۋردىكى تېرورلۇقنى پاش قىلغان. بىزگە مەلۇمكى ئاتاقلىق يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تىل سەنئەتكارلىرىدۇر. ئۇلار رېئال تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تولۇق كارتىنىسىنى سىزىپ بېرىدۇ. زۇنۇن قادىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەدەبىياتنىڭ ئۆتكۈر، ھەجۋى تىلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ پەسكەش روھى دۇنياسىنى پاش قىلدى. گۈزەل، ئوبرازلىق، راۋان، جانلىق، ھېسسىياتلىق تىل بىلەن ئىجابىي ئوبرازلارنىڭ پاك قەلب، قەيسەر ئىرادە، قايغۇ ھەسرەت ۋە ئۈمۈت-ئىشەنچىنى ئىپادىلىدى. ئۇ پۇرۇزىمىزنىڭ ئازادلىققا قەدەر بولغان تارىخىدا ياخشى مۇۋاپپەقىيەتكە ئېرىشكەن يازغۇچى بولۇپ قالدى.

بۇ كۈرەش يىللىرىدا يولداش ئەلقەم ئەختەم «ئۆچمەس تىلەكلەر»، «ئارمان»، «قەشقەر قىزى»، «يارنى سېغىندىم»، «بەخت بېرىپ كەل» قاتارلىق شېئىرلىرىنى يازدى. ئۇنىڭ بۇ دەۋردە يازغان شېئىرلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا خەلقنى قوراللىق كۈرەش قىلىشقا چاقىردى ۋە شۇ كۈرەشنىڭ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى:

قانلىق كۈرەشتىن
يانمايمىز ھەرگىز،
بولمىسا ۋەتەن
مەڭگۈگە ئازاد.
ئاخىرقى ۋەدە
قايناق كۆڭۈلدىن،
يېڭىشكە قادىر
بىلىمىز «غازات»

بۇ مەزگىلدە ياش شائىر تېيىپجان ئېلىيوف بىر تەرەپتىن ئىنقىلاب دولقۇنىنى ئۈگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ ئارزۇ ئارمانى ئىپادىلەنگەن «كۈرەش» «ۋىسال ئۈمىدى»، «لېنىن ئۆلمىدى»، «جانان ئۈچۈن»، «ئىشەنچ»، «شېرىن ئارزۇلار» قاتارلىق شېئىرلارنى ئېلان قىلدى. 1949 - يىلى ئۆكتەبىردە يېزىلغان «كۈن چىقىشنىڭ تېڭى ئاتتى» ناملىق شېئىرىدا خەلقنىڭ ئۇزۇندىن بويان كۈتكەن ئارزۇسىنىڭ قۇتلۇق تاڭنىڭ ئىللىق مېھرىگە چۆمگەنلىكى بايان قىلىنغان:

كۈن چىقىشنىڭ تېڭى ئاتتى
قاچتى زۇلمەت تۈنلىرى.
ۋەتىنىم يوقسۇللىرىنىڭ
كۈلدى پارلاق كۈنلىرى.
ئايەي!
بىز تۆككەن قانلاردىن قىزىل گۈل ئۈندى.

ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جۇش ئۇرۇپ ئالغا ئىلگىرلەۋاتقان ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان جايلارنىڭ ئەدەبىيات — سەنئەت ھەركىتىگە كۈچلۈك تەسىر قىلىپ ئىنقىلاب ئوتىنى ئۇلغايتىشتا چوڭ رول ئوينىدى.

× × ×

ھەر قانداق مىللى ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە نۇرغۇن ئەدىب، يازغۇچى، شائىرلار مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلار پۈتۈن مىللەت مەدەنىيىتىنى نامايەن قىلىدىغان، دەۋر روھى ۋە مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، خەلقنىڭ ئەينى زاماندىكى ئارزۇ - ئارمان، ئىجتىمائىي، ئىدېئولوگىيىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى شۇ دەۋرنىڭ پۈتۈن بىر ئەدەبىيات غەزىنىسىنى تولدۇرۇپ، ئەدەبىي بايلىقى ئايلىنىدۇ. بىر دەۋر ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرگەن ئەدىپلەر ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نامايەندىلەرمۇ بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادى پائالىيىتى ئەشۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما يازغۇچى، شائىر-لىرىمىزنىڭ دۇنيا قارشى ۋە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى ئوخشاش بولمىغانلىقى، تاللىغان تېمىسى، پايدىلانغان ماتېرىيالى، قوللانغان ژانىرى، ئۇسلۇبى ئوخشاش بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ھەر قايسىسىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىياتىمۇ ئوخشاش بولمىدى. مانا بۇ مەسىلىلەرنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلغاندا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش كونكرېت مەسىلىلەرنى كونكرېت تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشىمىز لازىم.

«بىزنىڭ تەلىپىمىزچە بولسا، سىياسىي بىلەن سەنئەتنىڭ بىرلىكى، ئىنقىلابىي سىياسىي مەزمۇن بىلەن مۇمكىن قەدەر مۇكەممەل بولغان بەدىئىي شەكىلنىڭ بىرلىكى. بەدىئىلىكى كەم بەدىئىي ئەسەر سىياسىي جەھەتتە ھەر قانچە ئىلغار بولغان بىلەنمۇ كۈچسىز بولىدۇ» ① شۇڭلاشقا يازغۇچىلار بىلەن ئەسەرلەرگە باھا بەرگەندە يەككە يىگانە ھالدا سىياسىي، ئىدىيىۋى مەزمۇنىغىلا قاراپ، بەدىئىي شەكىلگە قارىماسلىققا، بىر تەرەپلىمە ھالدا بەدىئىي شەكىلگىلا قاراپ، سىياسىي، ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا قارىماسلىققا بولمايدۇ. ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي مۇۋاپپەقىيەتىگە، ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا، ئۇسلۇپ ئالاھىدىلىكلىرىگە تېگىشلىك كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك. ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تەھلىل قىلغاندا، ئەسەر ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ نۇقۇل ھالدا ئاپتورنىڭ سىياسىي قىياپىتىگە قاراپ يەكۈن چىقارماي، بەلكى ئاپتور ئىدىيە نۇقتىئىنەزىرىنىڭ بەدىئىي ئوبرازلارغا جانلىق سىڭدۈرۈلگەن سىڭدۈرۈلمە-گەنلىكىگە قارىشىمىز كېرەك. شۇڭا ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە مەغلۇبىيىتىگە، تارىخىي ئورنىغا ئېرىشكىلىشىش جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇق، كەڭلىك دەرىجىسى بىلەن كىتابخانىلار ئەمەلىيىتىدە پەيدا قىلغان تەسىرى، تەربىيىۋى كۈچىنىڭ ئاز-كۆپ-لىكىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىشلا ئىلمىي ھۆكۈم بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئىنقىلابىيلىق بىلەن ئىلمىيلىكنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي مايىللىق بىلەن تارىخىي چىنلىقنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى، مەيدانغا كەلگەن ئاپتورلار ۋە ئەسەرلەرنى ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلىپ چىققىلى، توغرا شەرھىلەپ مۇۋاپىق يېشىپ بەرگىلى، بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك دەۋرىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

---

① ماۋزېدۇڭ: «يەنئەندە ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق».

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى توغرىسىدا

ئەشرەپ ئابدۇللا

ھەر قانداق مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە نۇرغۇن ئەدىپلەر، يازغۇچىلار، شائىرلار مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى نامايەن قىلىدىغان، شۇ دەۋر، شۇ جەمئىيەتنىڭ روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنى، رېئاللىققا نىسبەتەن مۇھەببەت-نەپرىتىنى، جەڭگىۋار روھىنى ئىپادىلەيدىغان كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ، كېيىنكى ئەۋلاتلارغا قالدۇرۇپ كېتىدۇ. مەلۇم بىر دەۋر ئەدەبىياتىنى بەرپا قىلىدىغان ئەسەرلەر ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نامايەندىلەرمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئەشۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي كارتىنىسىنى سىزىپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنە شۇنداق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شائىرلاردىن بىرى. ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىجتىمائىي پائالىيەتچى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى شېئىرىيەت ساھەسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان ئىنقىلابىي جەڭچى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، قانخور مىلىتارىستلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىشتەك ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن مەنىۋى جەھەتتە ئويغىتىش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، خەلققە ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدا كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. قۇراللىق ئىنقىلابقا ئۆتۈشتىن بۇرۇن، زۇلۇمنىڭ مەنبەسى بولغان نادانلىق، قالاقلىق، مۇتەئەسسىپلىك فېئودال دىنىي خوراپاتلىق ۋە جاھالەتچىلىكنىڭ زىيانلىرىنى خەلققە چۈشەندۈردى.

1911-يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلابى جۇڭگو تارىخىدىكى 2000 يىلدىن ئوشۇق ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال خانلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بۇرژۇئا دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھا-

ياتىدا ماھىيەتلىك بىرەر ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرەلمىگەن ۋە فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى ئېزىش ۋە دەپسەندە قىلىشىنىڭ سىنىپىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسىنى تەۋرىتەلمىگەن ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ۋاقىتلاردا باللىق دەۋرىنى ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ياشلىق دەۋرىگە قەدەم باسقاندا، دادىسى بىلەن كۆپ قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەرگە بېرىپ، سوۋېت سوتسىيالىستىك ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ سوۋېت خەلقىگە ئېلىپ كەلگەن بەختىيار يېڭى ھاياتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. رۇس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىلغار ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشتى. شائىر كۆرگەن ئىلغار ئىجتىمائىي تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ روشەن سېلىشتۇرمىسى ئۇنىڭدا خەلق ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن بولغان دېموكراتىك ئىدىيەنى پەيدا قىلدى ۋە ئۇنى ئىنقىلاب يولىغا ئېلىپ ماڭدى. ھەم شائىرنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىگە، ئىلىم - مەرىپەت يولىدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ بىلىم ئىگەللەش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەي 20 يېشىدىلا ئەرەبچە، پارسچە، موڭغۇلچە، رۇسچە، خەنزۇچە تىل - يېزىقلارنى ئۆگىنىۋېلىپ، كۆپ تەرەپلىمە ماتېرىيال كۆرۈش ۋە كۆپ تەرەپلىمە يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىش شارائىتىنى ھازىرلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھازىرقى زامان پەن - مەدەنىيىتى بويىچە ئەتراپلىق بىلىمگە، ئىلغار ئىدىيىلەرگە، مۇستەھكەم ئىشەنچ بىلەن يۇغۇرۇلغان ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە بىلىم ئەھلىگە ئايلاندى.

ئۇ، نادانلىق، بىلىمسىزلىكنى خەلقنىڭ ئويغىنىشى ۋە تەشكىللىنىشىگە توسقۇن بولۇۋاتقان توسالغۇ دەپ قاراپ، ئىشنى ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تارقىتىش يولى بىلەن باشلىماقچى بولدى. 1913 - يىلى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆز ئۆيىدە بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، ئىلىم تارقىتىش يولىغا قەدەم قويدى. ئەپسۇسكى، بۇ مەكتەپ ئەكسىيەتچى كۈچلەر تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلدى.

شائىر بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماستىن، بەلكى خەلق ئىچىدە تەشۋىقى خىزمەتلەر ئېلىپ باردى، خەلقنى ئىلغارلىققا جەلپ قىلىشنى ئۆزىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى دەپ قارىدى، ئۇ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ قويۇق مەرىپەتپەرۋەرلىكنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بىر قاتار شېئىرلارنى يازدى.

شائىر ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا قالاقلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى رەھىمسىز پاش قىلدى. ناتوغرا تۇرمۇش ئادەتلەر بىلەن يامان ئەخلاق، ناچار ئىللەتلەرنى كەسكىن تەنقىد قىلدى. غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان كىشىلەرنى ئويغىتىشقا، تۇرمۇشنى يېڭىلاشقا، ئىلىم ئۆگىنىشتىن ئىبارەت تارىخى ئەھمىيەتلىك ئۇلۇغ كۈرەشكە چاقىردى.

شائىرنىڭ 1921- يىلى يازغان «ئۇيغۇرۇم» دېگەن شېئىرى بۇنىڭ تىپىك

مىسالىدۇر. شائىر بۇ شېئىرىدا ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىنقىلابىي دېموكراتىك ئىدىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئاھىشقا ئىگە روشەن مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتىرىپ:

ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۇزدىر سۇدا،
مېنىشكە تاپالماي ئىشەك پىيادە قالغىنىمىز باردۇر.
گۈكۈرەپ كەلسە ئاپتوموبىل «نېمە بۇ ئەي خۇدايىم» دەپ،
ئەقلىنى ئىشلەتمەي هاڭ ـ تاڭ قېتىپ قالغىنىمىز باردۇر ـ دەپ يازدى.

شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، مىللەتنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش غايىلىرىنى كۈيلىگەندىن باشقا ئالغا بېسىش يولىدا توسالغۇ بولۇۋاتقان هەر خىل يامان ئىللەتلەرنىمۇ يۈرەكلىك پاش قىلىپ، خەلق ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان چېقىمچىلىق، خۇشامەتچىلىك، قۇۋلۇق ـ شۇملۇق، ئىلىم ـ پەنگە مۇهەببەت باغلىماسلىقتەك ناچار ئىللەتلەردىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ:

مۇنەججىم هەم ئىنژېنېر ئالىملارنىڭ ئورنىغا،
تونۇر سەللە، نەپسى بالا، موللا سۇلتانىمىز باردۇر،

دەپ خەلقنىڭ كۆزىنى بوياپ، ساختىپەزلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قازى ـ سۇلتانلارنى پاش قىلدى.

شائىر بۇ شېئىرىدا باشتىن ـ ئاخىر زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، ناچار ئىللەتلەرنى تۈگىتىش، ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىش، ۋەتەننى، مىللەتنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىلەرنى سىڭدۈرگەن. ئۇ مىللەتنىڭ يۈكسىلىشى ۋە تەرەققى تېپىشى خەلقنىڭ ئەركىن باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە توسالغۇ بولىۋاتقان كونىلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىك ئىدىيەلەرنى كۈچلۈك يومۇرىستىك سۆزلەر بىلەن قاتتىق قامچىلىغان. ئەزگۈچى سىنىپلار تەرىپىدىن ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلىكتىن ئەسىرىدىن خەلقنىڭ ئىدىيىسىگە، خەلق تۇرمۇشىغا سىڭدۈرگەن يامان، بولمىغۇر، ئەخلاقسىز هادىسىلەرنى بارلىق مەغلۇبىيەتلەرنىڭ ئاساسىي سەۋەبى سۈپىتىدە ئەيىبلىگەن.

روشەنكى، بۇ شېئىر، تۇرمۇش پاكىتلىرىنىڭ جانلىق ۋە ئۇسۇمىيلىقى، هەجۋىي تۈسىنىڭ قويۇقلىقى، تىلىنىڭ ئۆتكۈرلىكى بىلەن ئاددىيلىق، قاراڭغۇلۇقنىڭ ساتىرىك ئەيىپنامىسى هەم ئويغىنىش، ئازادلىق، ئەركىنلىكنىڭ جەڭگىۋار شۇئارى سۈپىتىدە هەر ۋاقىت جاراڭلايدۇ.

شائىرنىڭ ئىلغار مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ 1920 - يىلى يازغان «ئىستىمەس» دېگەن شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

شائىر بۇ شېئىرىدا، ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يېڭىچە ئۇسلۇپ، ئۆزگىچە بىر خىل ئىدىيەۋىي مەزمۇن بىلەن ئىپادە قىلغان. ئۇ ئۆز پىكرىنى ئاساسەن نادانلىقتىن قۇتۇلۇش، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەشتىن ئىبارەت مەزمۇن ئىچىگە ر ـ

سىدىن ھالقىپ، شۇ جەمئىيەتنىڭ رېئال ئەھۋالىنى، خەلقنىڭ كونكرېت تۇرمۇش ھالەتلىرىگە باغلاپ تۇرۇپ بايان قىلغان:

مەن خىتاپ قىلسام ۋەتەنگە ئىزدىنىشنى ئىستىمەس،
ئەل ئېغىر ياتقۇدا بولدى ھەم بىلىشنى ئىستىمەس.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق خەلقنىڭ تۇرلۇك بىخۇتلۇق ئەھۋالىنى ھەمدە ئەلنىڭ ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا يەنچىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۆزىنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن بىلىم ئىگەللەش، ئىزدىنىش، كۈرەش قىلىش روھىنىڭ يوقلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

ئۇ يەنە: يەپ زەھەر بولدى كېسەل ئەھۋالىدا كۆپتۇر خەتەر،
مىللىتىم جان چىقسىمۇ داۋالىنىشنى ئىستىمەس،
مىللىتىم تارتقان ئازابىغا كۆكۈل قانداق چىدار،
ئەل غېرىپ ئىگرايدۇ، ئەمما تەۋرىنىشنى ئىزدىمەس.

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئوڭشاش يولىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

باشقىلار كۆكتە، دېڭىزدا ئۈزدى شوخ پەرۋاز قىلىپ،
بىزگە كەلسە بىر قوتۇر ئېشەك مىنىشنى ئىستىمەس.

دېگەن مىسرالىرى بىلەن تەرەققىيات يولىدا غەيرەت-شىجائەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويۇشتا خەلقنىڭ سىياسى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ساۋاتسىزلىقىدىن، ئاساسلىقى خەلقنىڭ ئېڭىنى بىخۇتلاشتۇرىدىغان ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي خۇراپاتلىقىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغانىدى. ئۇ، شىنجاڭ خەلقىدىن يەر تېرىشنى، بىر ئاز ھۈنەر بىلىشنىلا تەلەپ قىلاتتىكى، ھەرگىزمۇ بىلىملىك ۋە سىياسىي ئىدىيىۋىلىك بولۇشنى خالىمايتتى.

شائىر مانا مۇشۇنداق قاتماللىقلارنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ پەن مەدەنىيەتنى ئىگەللەپ، ئىلگىرىلەشكە قادىر بولالماي، قاتمۇ-قات زۇلۇم ئاستىدا ئازاب چېكىپ ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيە دەستىدە كەچۈرۈۋاتقان تۇرمۇشىغا ئېچىنىدى، ئۇ چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمۈشتىن يىرگىنىپ، ئىچىگە پاتقۇزالمىغان غەزەپ ۋە زارىنى 1926-يىلى يازغان «غەزەپ ۋە زار» شېئىرىدا ئەكس ئەتتۈردى.

شائىر بۇ شېئىردا ئاكتىپ رېئالىزم بىلەن ئاكتىپ رومانتىزمنى زىچ بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ

نامرات، قالاق قىياپىتىنى، خەلقىنىڭ نادان، ئىلىم ـ پەندىن مەھرۇم بولۇشىنى، نەچ-
چە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقى-
ۋەتلەرنىڭ تەسىرى ئىكەنلىكىنى:

ئەي پەلەك دەشتىگىدىن ئىنتىھا بىزارمەن،
ئىزدىدىم كۆپ تاپمىدىم بىر دەردىمە ھېچ دارىمەن.
ئاتا بوۋامدىن مىراس كونا كېسەلنىڭ دەردىدە،
گاھ ئۆلۈپ، گاھ تىرىلىپ كۆپتىن ـ كۆپ ئاۋارىمەن.

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق بايان قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئوتلۇق قەلبىدە يال-
قۇن بولۇپ يانغان مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىنى يېڭىلىققا، ئىلغارلىققا ئىنتىلىشتەك
ئۇلۇغۋار ئىستەك، تەرەققىيپەرۋەر دېموكراتىك ئىدىيىسىنى:

ئويغىنىپ كەتتى جاھان مەغرىپ ـ مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقىدا چۈش كۆرۈپ ياتارمەن.

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

بىر پۇراپ ئۆلسەم نە ئارمانىم بېغىم باھارى گۈلنى،
ھەر سەھەر گۈل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش زارىمەن.

دېگەن مىسرالىرى بىلەن ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى، كەلگۈسىگە بولغان ئالى
ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى نامايەن قىلدى.
ئۇ يەنە بۇ شېئىرىدا:

باشقىلار، كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالاڭ ئاياق دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.
ئىلىم ـ پەندىن يوق خەۋەر باستى غەپلەت خەۋپ ـ خەتەر،
ھالىمىز قۇلدىن بەتەر قانداق چىداپ تۇرارىمەن؟

دېگەن مىسرالىرى بىلەن بىلىم ـ مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى تەرەققىياتى
ئالغا كەتكەن دۆلەتلەرنى نادانلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭلار دەستىدە خارلىشىپ ھالى قال-
مىغان، خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، زور پەرقلەرنى كۆر-
سىتىش ئارقىلىق خەلقنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىشكە ئۈندىدى.
شائىرنىڭ 1926 ـ يىلى يازغان «ئۇزۇلمەس ئۈمىد» ناملىق شېئىرىمۇ مەرىپەت-
پەرۋەرلىك روھىغا باي ئەسەردۇر. بۇنىڭغا شائىرنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك، ھېسسىيات-
لىق، ئوبرازلىق پىكىرلىرى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئوپتىمىستىك روھقا ئىگە. شائىر

بۇ شېئىرىدا تۈرلۈك بەدىئىي ۋاستىلار، سىمۋول، رىتورىك سوئال، ئوخشىتىش، ھەجۋي قىلىش، سۈپەتلەش قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئوبرازلىق قىلىپ ئېچىپ بەرگەن. شېئىردا تەسۋىرلەنگەن بۇلۇت — مۇدھىش كونا جەمئىيەتتە خەلقنىڭ ئاھۇ-زارىغا سەۋەبچى بولغان چىرىك فېئوداللىق تۈزۈمگە سىمۋول قىلىنغان بولسا، قۇياش مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئەسكەكچى خەلقنىڭ كەلگۈسى بەختىيار تۇرمۇشىغا، ۋەتەنىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىگە سىمۋول قىلىنغان. شائىر شېئىرىدا ئوبرازلىق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن تاللىۋالغان ماھىيەتلىك تۇرمۇش دېتاللىرىنى ئەپچىل ھالدا ئومۇملاشتۇرۇپ، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەش بىلەن، ئۇنىڭغا توسالغۇ بولىۋاتقان ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى:

قۇياشقا دالدا قىلماقلىق ئەقىلسىزلىق دەلىلىدۇر،
سېنىڭ بۇ يۇققا بۆز خالتاڭ بىگىزلەرنى يوشۇرغايمۇ؟

دەپ مازاق قىلىدۇ. خەلق ئاممىسىنى ئىلىم-پەننى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ:

ئوقۇتماي بالىلارنى ئوينىتىپ خوپ ياخشى چوڭ قىلدۇق.
ئىسىت! بۇ بالىلار ئاخىر يېرىم نانغا سېتىلغايمۇ؟
ئوقۇڭلار! ئوقۇتۇڭلار ھاۋا ھەم ئەۋزائىنى بۇزدى،
ئەگەر يوق بولسا، ھازىرلىق بۇ مىللەت يوقالغايمۇ؟

دەپ، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشنى دالالەت قىلدى. ھەمدە: ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش، خۇراپاتلىق پاتقىقىغا چۆكتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش خام-خىيالىنىڭ چوقۇم بىت-چىت بولىدىغانلىقىنى، بۇ تارىخنىڭ ھۆكۈمى ئىكەنلىكىنى، تارىخ تەرەققىياتىنى ھەرگىزمۇ توساپ ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بۆز خالتا بىلەن بىگىزنى مىسالغا ئېلىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ.

شائىرنىڭ يۇقىرقى شېئىرلىرىدىن باشقا يەنە مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى گەۋدە قىلغان «ھار»، «ئويغان»، «چىراق» قاتارلىق شېئىرلىرىمۇ بار.

ئۇ يالغۇز ئىجادىيەت ۋە مەرىپەتچىلىكنىلا تەشۋىق قىلىش بىلەن ھورلۇككە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قولغا قورال ئېلىپ، ئىنقىلابىي كۈرەش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. چۈنكى ئۇ دادىسى بىلەن كۆپ قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەرگە بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي تارىخىي ۋەقەلەرنى كۆرگەن. بولۇپمۇ سوۋېت سوتسىيالىستىك ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ

خەلققە ئېلىپ كەلگەن بەختىيار تۇرمۇشىنى، بۇ ھۆرلۈك بەختىيار تۇرمۇشنىڭ پە-
قەت ئەلەم بىلەن قەلەمنى بىرلەشتۈرگەنلىكتىن، خەلقنىڭ ئېڭىنى ئۇستىلىق
بىللەن قولغا قورال ئېلىپ كۆرەش قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلگەنلىكىنى
كۆرگەن.

ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىلغارلىقلاردىن ئىلھام ئېلىپ، قورالىق ئىنقىلاب ئارقىلىق ۋەتەننىڭ ئازادلىقى، خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەل-تۈرۈشتىن ئىبارەت كۆرەش يولىنى تاللىدى ۋە خەلقنى قوراللىق ئىنقىلاب قىلىشقا چاقىردى. نەتىجىدە ئۇ، ئۆزى قولىغا قورال ئېلىپ، بىۋاستە تۇرپان خەلق قوزغىلى-ڭىغا قاتناشتى. ئۇ بىر قەرەپتىن قولىغا قورال ئېلىپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن كۆرەش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قەلەم بىلەن خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۆرەشلىرىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ:

ئەي پېقىر ئويغان ئۇيغۇر ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقازمىساڭ،
ئاھ سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.
قوپ دېدىم بېشىڭ كۆتەر ئۇيقۇڭنى ئاچ!
رەقىبىڭ بېشىنى كەس، قېنىنى چاچ!
كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،
ئۆلسەن ئارماندا بىر كۈن يوق ئىلاج.

دېگەن جەڭگىۋار ناخشىسى بىلەن خەلقنىڭ قوزغىلىپ، قولىغا قورال ئېلىشىنى، ھەر-گىزمۇ ئۇخلاپ ياتماسلىقنى مۇراجىئەت قىلدى.

ئۇ، «ئارمان» شېئىرىدىكى «جاندىن كەچ»، «جاتانغا يەت»، «سېغىنىش» شېئىرىدىكى «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «ھىجران» شېئىرىدىكى «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مول مەزمۇنلۇق ماقال-تەمسىللىرى-دىن پايدىلىنىپ يازغان شېئىرلىرى ئارقىلىق، خەلقنىڭ قوراللىق كۆرەشلىرىگە ئۈز-لۈكسىز ئىلھام بېرىپ تۇردى.

ئۇ «غەزەپ ۋە زار» شېئىرىدىكى:

دەۋرى جەبرىدىن ئىسسىت! ھالىڭغا ئۇيغۇر ۋايىكىم!
جانىنى ئالقانغا ئېلىپ چىق تاپىمايسەن باشقا چارىسەن.

دېگەن شۇئارلار بىلەن خەلقنى كۆرەشكە چاقىردى.

گەرچە شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جاللات شىڭ شىسەينىڭ قانلىق قېلىچى

ئاستىدا قۇربان بولۇپ، قوراللىق كۆرەشنى داۋاملاشتۇرالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ-نىڭ ھاياتى تارىختا بولۇپمۇ شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا پەخىر-لىك ئورۇنغا ئىگە، ئۇنىڭ شۇ دەۋرگە نىسبەتەن، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۆرەشلىرى-گە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور.

بىز بۇنىڭدىن شائىرنىڭ يالغۇز ئىجادىيەت ئارقىلىقلا خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيە-سىنى كۆتىرىپ، ھۆرىيەتلىككە ئىېرىشكىلى بولمايدىغانلىقى، قوراللىق كۆرەش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلىكىدە مەرىپەتچىلىكتىن قوراللىق ئىنقىلاب يولىغا مېڭىش-تەك ئىلغار ئىدىيىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز. شۇنداقلا ئۇنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭمۇ ئەينى ۋاقىتتا نىسبەتەن خەلقنى ئويغىتىش، خەلقنى كۆرەشكە چاقى-رىش، خەلقنى نادانلىقتىن، دىنىي بويۇنتۇرۇقتىن قۇتقۇزۇش جەھەتلەردە كۈچلۈك رولى بولغانلىقى ئۈچۈن، زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمىز.

بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى مىللىي مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلغۇچى كۈچلۈك مەرىپەتپەرۋەر شائىر، ئىنقىلابچى بولۇپ، ئۇ ئۆز ھاياتىنى ۋەتەننىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۆرەشكە تەقدىم قىلغان، پاك، ۋىجدانلىق جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ باتۇر جەڭچىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر مەشھۇر شەخستۇر.

**مۇشتەرىلىرىمىز دىققىتىگە:**

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1985 - يىللىق قاتتىق كىلىيونكا تاشلىق توپلى-مى ئىشلىنىپ بولدى، 1986 - يىللىق توپلىمى ئىشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. سېتىۋېلىشنى خالىغۇچى ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ تەھرىر بۆ-ۋىمىز بىلەن ئالاقىلىشىپ سېتىۋېلىشنى قارشى ئالىمىز.

كىتاب تورى بېكىتى

# ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش دەۋرى

فەن باۋلىيالى

چۆللۈكنىڭ (موڭغۇلىيە نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ت) شىمالىدا يۈز يىلچە سەلتەنەت سۈرگەن ئۇيغۇر قاغانلىقى مىلادى 840- يىلىدىن كېيىن، تەبىئىي ئاپەت ـ كېلىشمەسلىك، ئىچكى ۋە تاشقى جىدەل ـ ماجىرالار تۈپەيلى تېزلا زەئىپلەشتى، دۆلەت ـ ئەل مۇنقەرىز بولدى. بۇ ۋاقىتتا خاقاننىڭ يېقىنلىرىدىن 13 قەبىلە، باشلىقى ئۆگەنىڭ قوماندىسىدا جەنۇبقا چوشۇپ، تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى، كېيىنچە خەنزۇلار ياكى قىرغىز، شىۋىي قاتارلىقلارغا سىڭىپ كەتتى، سەھىپىمىزنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلى بۇلار توغرىلىق توختالمايمىز. بۇ ماقالىمىزدا ئاساسەن پانتېكىن باشچىلىقىدىكى غەربكە كۆچكەن 15 قەبىلىلىك ئۇيغۇلارنىڭ، بولۇپمۇ كېيىنچىرەك قوچوغا ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئىلىنى قۇرغانلىقى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە تېز تەرەققى قىلغانلىقى،

يول قالمىغان ئىنتايىن مۇشكۇل ئانلاردا
چىقىپ قالدى ياشاش يولى ئالدىمىزدا

دېگەندەك ئاخىر تارىختا مۇھىم رول ئويناپ، كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقانلىقى بايان قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ يىللاردا غەربىي شىمالنى ئېچىشتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، بۈگۈن ئۈچۈن ئازغىنا بولسىمۇ پايدىلىق بولسا كېرەك.

I

VIII ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدا روناق تاپقان كۈچلۈك ئۇيغۇر قاغانلىقى IX ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە «قەھەتچىلىك، ۋابا، قار ـ جۇدۇن بىلەن نۇرغۇن ماللار قىرىلىپ...» ① ئۈزلۈكسىز تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمران گورۇھنىڭ ئىچكى نىزالىرى كۈچىيىپ، «چۇجان قۇتلۇق باغا قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ،

100·000 ئاتلىق قوشۇن تارتىپ، ئۇيغۇرلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى، قاغان جۆرۈ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى كۆيدۈردى» ②، ئۇيغۇر قاغانلىقىنى مۇنقەرىز قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قاچقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ جەنۇبقا قاچقان ئازغىنا بىر قىسمىدىن باشقا كۆپچىلىكى غەربكە كۆچكەن ئىدى.

ئۇيغۇرلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ۋاقتىدا «تۇراقلىق ماكانى بولماستىن، سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ ياشايدىغان» ③ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئىدى. ئاساسەن چارۋىچىلىق قىلىشتىن تاشقىرى، قوشۇمچە ئوۋچىلىقمۇ قىلاتتى. مۇنداق كۆچمەن، چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تۇرمۇش، ئاددى ساددا بولاتتى. غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، جۇڭگو تېررىتورىيىسى ئىچىدىكىلەرنى ئالىدىغان بولساق، ئۇلار دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئورۇنلاشقان ئىدى، بولۇپمۇ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتلىرى ھەم جۇغراپىيە ئورنى بەك ياخشىدى. بۇنداق پايدىلىق شەرت - شارائىت ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن - چارۋىچىلىقتىن تەدرىجى ھالدا دېھقانچىلىققا ئۆتۈشى، يەككە بىر خىل ئىگىلىكتىن پەيدىنپەي كۆپ خىل ئىگىلىككە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى ئىمكانىيەت ۋە زۆرۈرىيەتنى تەمىنلىدى. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلار بۇ يەرلەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى كۆچمەن - چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى تەدرىجى ھالدا ئۆزگەرتىپ، دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىش بىلەن بىللە ئەينى ۋاقىتتا ئوۋچىلىق، قول سانائىتى ھەمدە سودا بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. بەش خىل ئىگىلىكنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرغاچقا، ئىقتىسادى گۈللەنگەن ئىدى.

ئالدى بىلەن قولاي شەرت - شارائىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېرىگە قاراپ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇردى. بۇ رايونلاردا ئاللىقاچان خەنزۇ دېھقانلىرى بىلەن باشقا دېھقان ئاھالىلار ئولتۇراقلاشقان ئىدى ھەمدە مول ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى توپلاپ، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن پەرقى بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىنى ئىگىلىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زېمىنى مۇنبەت، سۇغۇرۇش ئىشلىرى قولاي بولغاچقا، بۇغداي، ئارپا، شال، كونجۇت، قىلتىرىقسىز ئارپا، پۇرچاق، تېرىق، كېۋەز، كەندىر، جۇجەم... قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈپ يېتىشتىن تاشقىرى، تۈرلۈك كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى. ئۇيغۇرلار كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ ئەسلىدىكى دېھقانچىلىق ئىقتىسادىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، تەدرىجى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە ئەسلىدىكى دېھقانچىلىق ئاساسىدا، يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، تۈرلۈك رەسمىي تارىخلاردا: «بۇ يەرنىڭ زېمىنلىرى بۇغداي، ئارپا، كەندىر، پىياز - كودە، قاپاق - يۇمغاقسۈتلەرنى تېرىشقا مۇۋاپىق

بولۇپ، تۆگە بىلەن يەر تېرىلىدۇ» ④ قۇچۇ رايونى «سۇيى ئالتۇنتاغدىن كېلىدۇ. ئەتراپ بەگلىك شەھەرلىرىدىكى ئېتىزلىق - باغلارنى سۇغۇرىدۇ، تۆگمەنلەرنى چۆرۈيدۇ. ئاشلىق تېرىلىدۇ، يالغۇز قارا بۇغداي يوق» ⑤. «كۇسەن دۆلىتىدە شال، بۇغداي، قوغۇن، مېۋە چىقىدۇ» ⑥. دەپ يېزىلغان.

مۇندىن باشقا، يەنە چىن چېڭنىڭ «غەربىي رايوندىكى يات ئەللەر تەزكىرىسى» دىمۇ جايلاردىكى ئۇيغورلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ھەققىدە كۆپ خاتىرىلىرى بار. بولۇپمۇ «چاڭچۇن جېنرېن غەرب ساياھەت خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابتا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىپلا قالماي، يەنە ئۈزۈم، تاۋۇز ھەققىدىمۇ خاتىرىلەر باركى، ئوقىسىڭىز ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك «ئۇيغۇرلار ئېرىق - ئۆستەڭلەر بىلەن بۇغداي سۇغۇرىدۇ»، «ئۇيغۇرلار ھېچبولمىغاندا شەھەرنىڭ سىرتىغا شىمالىغىچىلىك قارشى ئالغىلى چىقىدۇ، قەبىلە باشلىقلىرى ئۈزۈم شاراپلىرى ھەم ئەلا سۈپەتلىك مېۋە - چېۋە، پىياز ئارىلاشتۇرۇلغان نانلىرى بار داستۇرخان ھازىرلايدۇ»، «شەھەر غەربىدىكى ئۈزۈمزارلىقتا كۆلچەك بويىغا سېلىنغان راۋاقتا ئۇيغۇرلارنىڭ بەگ - خاندانلىرى ئۈزۈم شارابى ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى، تۈرلۈك داڭلىق مېۋە - چېۋىلەر بىلەن تەمىنلىدى»، «توققۇزىنچى كۈنى، ئۇيغۇرلارنىڭ جانبالىق شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق، بېگى جېڭخەي بىلەن كونىدىن دوست بولغاچقا، خاندانلىرى ھەم ئۇيغۇر راھىبلىرى بىلەن خېلى يىراققىچە ئىستىقبالغا چىقتى. كىردۇق، سۇپىغا ئولتۇرغۇزۇشتى، خانىمى ئۈزۈم شارابىغا تەكلىپ قىلدى، چوڭ تاۋۇز ھەدىيە قىلدى، قوغۇنلىرى تەكىيگە ئوخشايتتى، ئىچكى ئۆلكىلەردە مۇنداق خۇشپۇراق تەملىك مېۋە يوق ئىدى، باغ - كۆكتاتچىلىقلىرى ئىچكى رايونلارغا ئوخشايدىكەن»، «بەلەنكەن، تاماقۇ - شارابى، ياشايدىكەن خاتىرجەم، توقتۇر قورساقى»... دەپ يېزىلغان.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، تەدرىجى ئولتۇراقلاشقان، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىمۇ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ۋاقتىغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان ئىدى.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بېرى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەچكە، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى مول ئىدى. غەربكە كۆچكەندىن كېيىن بۇ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئاسانلا تاشلىۋەتمىدى، بىردىنلا قارغۇلارچە بوز ئېچىپ، ئورمانلىقلارنى ۋەيران قىلىپ تېرىقچىلىق قىلمىدى. بەلكى تەبىئىي شەرت - شارائىتىن پايدىلىنىپ، دېھقانچىلىققا باپ كەلسە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا ماس كەلسە چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىققا توغرا كەلسە ئوۋچىلىق قىلدى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ساختا نامغا بېرىلمىدى. شۇڭلاشقا غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ

ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا چارۋىچىلىق بىلەن ئوۋچىلىق يەنىلا بەلگىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن ئىدى. «بەش سۇلالە تارىخىي خاتىرىلىرى» دە: ئۇيغۇرلارنىڭ باققان ئۆي هايۋانلىرى ۋە ئوۋچىلىق بىلەن ئىگە بولغان نەرسىلىرى تۆگە، قوتاز، قۇلان، ئاق سۆسەر، بۇكەن مۈڭگۈزى، ئات كۆنى، دېڭىز مۈشۈكىنىڭ چىۋىسى ۋە ئۇرۇقلىرىدىن ئىبارەت ئىدى، ⑦ دەپ يېزىلغان. «سوڭ سۇلالىسى تارىخى»-دا: «بەشبالىقتا ئات كۆپ بېقىلىپ، خان، خانىش، ۋەلىئەھدلەرنىڭ ھىساپسىز باققان يىلقىلىرى يۈز نەچچە يول كېلىدىغان يايلاقلاردا رەڭلىرى بويىچە توپ - توپ يايلايدىكەن» دەپ يېزىلغان. يەنە شۇ كىتابتا بەشبالىق تۈزلەڭلىكىنىڭ ئۇزۇنلىقى بىر نەچچە مىڭ يول كېلىدۇ، سۇلىرى ئەلۋەك، ئوت - چۆپلىرى مول بولۇپ، قۇش هايۋانلار ناهايىتى تولا، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىققا بەك ئەپچىل ئورۇن. ⑧ دەپ يېزىلغان. تۇرپان، بەشبالىق قاتارلىق جايلاردا، نۇرغۇن مىقتاردىكى بېقىلغان ئات، كالا، قوي، تۆگىلەر ھەققىدە چىن چېڭنىڭ «غەربىي رايوندىكى يات ئەللەر تەزكىرىسى» دە تېخىمۇ تەپسىلى خاتىرىلەر بار. يەنە XI ئەسىردە ياشىغان قەشقەرلىق مەهمۇد قەشقىرىنىڭ ئەسىرى «تۈركىي تىللاردىۋانى» نىڭ «تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىققا ماھىر كېلىدۇ» دېگەن خاتىرىسى ھەمدە سوڭ خاندانلىقىدىن قوچۇغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن ۋاڭ يەندېنىڭ ئۇيغۇرلار «ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر كېلىدۇ» دەپ يازغان خاتىرىلىرىدىن، بۇلارنىڭ ئەجدادى پۇسارنىڭ ئۆز دەۋرىدىلا ئوۋ قىلىشقا، ئوقيا ئېتىشقا ئىشقىۋاز ئىكەنلىكىنى ۋە 5000 چەۋەندازى بىلەن تۈركلەرنىڭ 100.000 ئاساسى قوشۇننى مازۇگشەن تېغىدا مەغلۇپ قىلغانلىقتىن ئىبارەت قەھرىمانانە ئىشلىرى بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ۋاقىتىدىلا ئۇيغۇرلانىڭ «مىنىشكە، ئېتىشقا ماھىر» مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ تومۇرى بىر ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇلار بىردىنلا بۇ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئەتمىدى. پەقەت جۇغراپىيە شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئوۋچىلىق - نىڭ شەكىل ئۇسۇلىدا ئوخشاشماسلىق بولدى - خالاس. يېڭى شەرت - شارائىتتا تېخىمۇ ئوبدان ماسلىشىش ئۈچۈن، بۇرۇنقىدەك ئات چاپتۇرۇپ، بىلىنى ئېگىپ ئوقياي ئېتىش سەنئىتى تەدرىجى هالدا بۇركۇت، قارچۇغا بېقىپ ئوۋچىلىق قىلىش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ بىلەن زىرائەت مەيدانلىرى، باغ - ئورمانلار چەيلىنىپ دەسسىلىشتىن ساقلىنىپ قالدى. مەسىلەن: «غەربىي رايون ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ بىرىنچى جىلدىدا: «ئۇيغۇرلار ⑨ قۇش بېقىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاز دېگەندە بىر ئىككى ياكى ئىككىدىن 30 قونداققىچە باقاتتى، بۇقۇشلار ناها - يىتى ئالغۇر بولۇپ، كەچ كۆزدە قاناتلىرى تولۇق تولاتتى، ئۇ چىرىغان تۈلكە، بۆرە، كىيىك قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئوقياغا ئىنتايىن ماھىر ئىدى. چۇماقلار

www.uyghurkitap.com

بىلەن توشقان تۇتاتتى، بىرلا چوماق بىلەن ئۆلتۈرەتتى، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پەۋقۇلئاددە ماھارىتى ئىدى» دەپ يېزىلغان.

غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار ئىنتايىن پايدىلىق جۇغراپىيە شەرت-شارائىتقا ئىگە بولدى، ئۇ بولسىمۇ چۇڭگو بىلەن غەربىي ئەللەر قاتناش ئالاقىسىنىڭ مۇھىم جايىغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئورۇنلاشقانلىقى بولدى. بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونى ھەمدە غەرب ئەللىرى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقا ۋە مەدەنىيەت ئالمىشىشىغا پايدىلىق بولدى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ بىر يۈرۈش، راۋان بولغان تەمىنلەش، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تېخىمۇ پايدىلىق بولدى. ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، دۆلىتى ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى ۋە پەن تېخنىكا ئالماشتۇرۇشى جەريانىدا ھەمدە غەربنىڭ ئىقتىسادىي تەسىرى ئاستىدا، قول سانائىتى تېز تەرەققىي قىلدى، سودا-سېتىق تېخىمۇ جانلاندى. قول سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كۆرۈنۈشى بەك نەپىس ئىدى. سودا پائالىيىتىنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، بىز ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا «سارت» (تۈركىي تىلدا «سودىگەر» مەنىسىدە) دەپ بەرگەن نامىدىنلا بۇنى تولۇق ئۇقۇۋالالايمىز. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا: ئۇيغۇرلار «زەكىي بىجىرىم بولۇپ، ھۈنەرۋەن، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر ئىرىتىشكە ھەمدە قاشتېشى ھۈنىرىگە ماھىردۇر» ⑩. ئۇيغۇر ئەلچىلىرى بىلەن بىللە سۇڭ سۇلالىسىغا كەلگەن ۋە بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياللىرى «باشلىرىغا جىرىڭلاپ، لىغىلداپ تۇرىدىغان، چاچقا سانجىلىپ، بىر ئىككى سۇڭ ساڭگىلاپ تۇرىدىغان قەدىمكى سانجىغا قىسمان ئالتۇن بېزەكلەر تاقايتتى. ئۇيغۇرلار زەرگەرلىككە ماھىر بولۇپ، لىغىلداپ تۇرىدىغان زىرە-ھالقىلارنى ياسايتتى. كىمخاب، شايى، يىپەك يىپ، يىپەك تاۋتىش، سېتكا قاتارلىق بۇيۇملارنى توقۇشقا ماھىر ئىدى. يەنە بەش خىل رەڭلىك توقۇلما تون توقۇيتتى، ئىسمى كەس بولۇپ، بەك چىرايلىق توقۇلاتتى. مۇندىن باشقا كالاۋۇتۇن ئىشلەيتى، كىيىملەرنىڭ دۈمبىسىگە گۈل-دەرەخت سۈرەتلىرى سىلىناتتى، پەتلىنەتتى» ⑪. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن تىجارەتكە ماھىرلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. «سۇڭمۇ خەۋەرلىرى». دە: گەنجۇۋ، لياڭجۇۋ، گۇاجۇۋ، شاجۇۋلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ چېدىرلىرى بار ئىدى، كېيىن ئۇلار تاڭغۇتلار ئىدارىسىغا ئۆتتى... ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى يەن (خېبېي) دە تىجارەت قىلاتتى، تۆگىلەرگە مال ئارتىپ، تاڭغۇت زېمىنىدىن ئۆتكەندە، تاڭغۇتلار ياخشى مالدىن ئوندىن بىرنى ئېلىۋالاتتى. كېيىن ياخشى ماللارنى ناچار ماللارنىڭ تېگىگە تىقىپ ئېلىپ ماڭىدىغان بولغاچقا، ئالغان باج-لىرى ئۆلچەمگە يەتمەي قالدى. باجگىرلارغا ئەيلەنگەن تېرە-مويىنلار پارا

بېرىلگەنلىكتىن، ياخشى ماللارنى ناچار ماللار قاتارىدا ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان بولدى. يات خەلقلەر، خەنزۇلارمۇ جاۋاھىر پۇرۇشلۇق سودىلىرىنى قىلىشاتتى، سودا ئەھلى بولمىغانلار ماللىرىنى باھاسىغا چىقىرىپ ساتالمايتتى» دەپ يېزىلغان.

يۇقىرقى بايانلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، قول سانائىتى، سودا قاتارلىق ساھالەرنىڭ ھەممىسىدە يوقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىياتقا ئىگە بولغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، كۆپ تەرەپلىمىلىكتۇر - ئەلۋەتتە. ئەسەردىكى بايانلار كىشىگە بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنى ھېس قىلدۇرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرنى كۆپ كۆرسىتىپ، سۇبيېكتىپ سەۋەبلەرگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەسلىكتىن ئىبارەت. جۇغراپىيە شارائىت ئەلۋەتتە مۇھىم، لېكىن ئادەم ئامىلى تېخىمۇ مۇھىم بولۇشى كېرەك. دېمەك ئوبيېكتىپ ئامىل ھەرقانچە پايدىلىق بولغان بىلەنمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ بولۇشى ناتايىن. ئالايلۇق، چوڭ ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، ئاۋارلار، تۈركلەر، تۇفانلار ...نىڭ ھەممىسى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ بۇ يەرلەردە تۇرمىغانمىدى ياكى ئۆتمىگەنمىدى؟ بۇلاردىن قايسى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش روناق تېپىپ تەرەققى قىلغانىدى؟ ياق. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلاردىكى ئەمگەكچانلىق پەم - پاراسەتتىن ئىبارەت مىللىي روھ ۋە مىللىي خۇسۇسىيەت، غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسى سەۋەبى ياكى ھەل قىلغۇچ ئامىلى دەپ ھېسابلايمەن. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى "ھۈنەرگە ماھىر» دېگەن سۆزلەر بەك قىممەتلىك بىر تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ، «مۇھىم سۆزلەر» دۇر. ماھىرلىقى توغرىلىق يوقىرىقى بايانلار بىلەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ توقۇمىچىلىقتىكى ماھارىتىگە قاراپ، ئۇلارنى ئەمگەكچان، پەم - پاراسەتلىك دەپ ئېيتقىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەرلىرى تېزلا دېھقانچىلىق قىلىشنى ئۆگەندى، «تۆمۈر سايمانلار ئىشلەشكە ماھىر ئىدى»، ئالتۇن جابدۇقلارنى ياساشقا ئۇستا بولۇپ، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق قاتارلىقلارغىمۇ ماھىر ئىكەنلىكى توغرىلىق سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. يالغۇز تىجارەت بىرلا ئىشنى ئالىدىغان بولساق غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقتە «خېبېي، شەندۇڭ» غىچە قەدىمى يەتكەن ئىدى. مەقسەتلىرى پۇل تېپىش، پايدا ئېلىش بولسىمۇ، جاپا - مۇشەققەتكە قارىماستىن، شەرققە، غەربكە چېپىپ يۈرۈش روھى، ئومۇمەن ئۇلارنىڭ ئەمگەكچانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار تىجارەت ئەھلى بولمىسا تۇفانلار، خەنزۇلار بىلەن تىجارەت قىلالمايتتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار جاۋاھىراتلارنى تونۇيتتى، دۆت ئادەملەر بۇنداق ئىشنى قىلالمايتتى. بىر قەدەم چېكىنىپ سۆزلەيدىغان بولساق، تىجارەتتىن مەقسەت پۇل تېپىش، پايدا ئېلىش. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن بۇنچىۋالا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىتتىمۇ! قەدىمكى زامان يىپەك يولىدا ھەقىقەتەن جۇڭگو ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى چېپىپ يۈرىشەتتى، يېڭى بازارلار ئېچىشقا تىرىشاتتى،

www.uyghurkitap.com

شەرق، غەرب ماللىرىنى ئالماشتۇرۇش، سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ھەم
مەدەنىيەت ئالمىشىش ئىشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم كۆۋرۈكلۈك، ۋاستىلىق رول ئوينايدۇ.
شەرق ۋە غەرب جەمئىيەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشتى
ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمۇ مۇشۇنداق مۇئامىلىگە ۋە باھاغا ئېرىشىشى كېرەك. تىجارەت
قىلىپ ئېقىلغا ئۇيغۇن پۇل تېپىش نورمال ئىشتۇر. قەدىمكى ۋە ھازىرقى تىجارەت-
نىڭ ھەممىسى مەنپەئەت، پايدا، پۇل تېپىشتىن ئىبارەت. «پۇل دېسىلا رەڭگى
ئۆزگىرىپ كېتىدۇ» دېيىش ھاجەتسىز، ئەگەر ئۇ بولمىسا شەرق، غەرب سودىسى
بولمايتتى، مىللەتلەر ئارا ھەمدە خەلقئارا ئىقتىسادىي ئالاقىنى ئېلىپ بېرىش
مۇمكىن بولمايتتى، ھەتتا «يىپەك يولى»مۇ سوۋۇپ قالاتتى ياكى مەۋجۇت بولمايت-
تى. سالماق پىكىر قىلىدىغان بولساق، يۇرتىمىزنى توختۇتۇپ سۆزلەيدىغان بولساق،
شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تەرتىپ-ئەدەپكە
رىئايە قىلاتتى، ۋەدىسىدە تۇراتتى، بۇلار ئاساسىي ئېقىم ئىدى. شۇنىڭدەك باش-
قىلارنىڭ زىيىنى ھېسابىغا پايدا ئالىدىغان، ساختىپەز، يالغانچىلىق قىلىدىغانلار
ئاخىرقى ھېسابتا ئازچىلىق ئىدى. ئەكسى ھالدا، ئاللىقاچان «تاۋىقى چىقىلغان»
بولاتتى، ئاجىزلىماي ئۈزۈنغىچە تەرەققى قىلالمايتتى. بۇنىڭدىن قالسا پايدىلىق
جۇغراپىيە شەرت - شارائىتمۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم سەۋەبى. ئۇنىڭدىن
باشقا دېھقانچىلىققا، چارۋىچىلىققا، باب كېلىدىغان، تۇپراق، ھاۋا رايى، سۇ قاتار-
لىق شەرت - شارائىتلار، تۈرلۈك زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشى ۋە پىشىشىغا باب كېلىدۇ.
سۇ، ئوت - چۆپلىرى مول يايلاقلار ۋە تاغلار تۈرلۈك چارۋىلارنى ئوتلىتىدىغان
غايىدىكى تەبىئىي يايلاقتۇر. مەھسۇلات بايلىقلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكىگە قا-
رىغاندا ئىنتايىن باي بولۇپ، چىقىدىغان مەھسۇلات تۈگىمەس، ئىشلىتىپ تۈگەت-
كىلى بولمايدىغان قىممەتلىك مەئدەنلەر، باھالىق مويىنلىرى ۋە پاختا، دورا-
دەرمەكلىرى، قوغۇن - مېۋىلىرى، كۆكتاتلىرى قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلىرى بار.
ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرغان يېرى جۇڭگو بىلەن غەرب قاتناش ئالاقىسىنىڭ مۇھىم
يولى ئۈستىدە، ماتېرىيال ئۆز يېرىدىن ئېلىنىدۇ، ئۆز يېرىدىلا يىغىلىپ، تارقىتىلىدۇ،
خەۋەر تېز، قولدىن چىقىرىش چاپسان، ئىستىمال يولى كەڭ ۋە راۋان. مۇندىن
باشقا يەنە بىر سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇھىم سەۋەب، ئەتراپتىكى ھەر مىللەت
دېھقان ئاھالىلىرىنىڭ تەسىرى، بولۇپمۇ خەنزۇ دېھقانلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ساي-
مانلىرى، سورتلۇق ئۇرۇق، تېرىش تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاكتىپ
قوللىشى ۋە ياردىمى. بۇ تەستە قولغا كېلىدىغان شەرت - شارائىتلار، ئۇيغۇرلا ئىق-
تىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىياتىغا ئىنتايىن پايدىلىق بولدى.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى
زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئولتۇراقلاشقان

يېرىدە، دېھقانچىلىقنى، چارۋىچىلىقنى، يېرىم دېھقانچىلىق ۋە يېرىم چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان يەرلەر بولدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يېمەكلىك بۇيۇملار تۈردىنىڭ كۆپىيىشى، ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ موللىقىنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ۋاقىتتىكى ئاددى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا زادىلا ئوخشىتىپ بولمايتتى. تۈرلۈك ئاشلىق، كۆكتات، قوغۇن - يېمىش ئىمىلىكى دېسە بار ئىدى. كىيىم - كېچەكلىرىمۇ ناھايىتى گۈزەل - كۆركەم كېلەتتى، كەلتۈرۈلگەن بىرلا مىسال بۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ. «غەربىي رايون ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ بىرىنچى جىلدىدە، «كىيىملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يۇمۇلاق ياقىلىق، تار يەڭلىك بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ئېتىكى سولغا، ئاياللارنىڭ ئېتىكى ئالدىغا ئېچىلاتتى، ئىچكۆڭلەك ۋە ئىزغىچە كەمزۇل كىيەتتى. ئاياللار بېشىغا قىش ياز دېگۈدەك ئالدىغا ئۇقا تاقىغان بېزەلگەن تۇماق كىيەتتى، ئەرلەر قىشتا تۇماق، يازدا تاۋار دوپپا، مالىخاي كىيەتتى، ئۈستى يېشىل تاۋارلاردىن بولاتتى، ئېگىزلىكى 5 - 6 سۇڭ بولۇپ، ئالدى ئۇقالارنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ 5 - 6 سۇڭ كېلەتتى. ئەرلەر قالپىقىنىڭ ئۇقاسى تۈز، ئاياللار باشلىقىنىڭ ئارقا ئۇقاسى ساڭگىلاپ تۇراتتى. ھەممىسى ئالتۇن، كۆمۈش قاداقلار بىلەن بېزىلەتتى. روھانىيلارنىڭ دوپپىسى يومۇلاق جىيەكلىك بولۇپ، ئاق رەختتىن تىكىلەتتى. تېرىغان كېۋەزلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئېنى 5 - 6 سۇڭدىن كېلەتتى، كالا قوي تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كۆن ۋە خۇرۇمدىن تىكىلگەن ئاياغ كىيەتتى، ياغاچ پاشنىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى سۇڭ ھەتتا بەش سۇڭ كېلىدىغانلىرىمۇ بولاتتى» دەپ يېزىلغان. خانى ۋە چوڭ ئەمەلدارلىرى ئېسىلزادىلارنىڭ كىيىملىرى تېخىمۇ پۇزۇر، ئازادە ۋە گۈزەل بولاتتى. ئولتۇراق جايغا كەلسەك غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەر ئىنتايىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، سېپىل قورغانلىرى بار شەھەر، سارايلار ۋە كېسەك تاملار سېلىپ، بارغانسېرى ئولتۇراقلاشتى. قورا - بىنالار ئازادە بولۇپ، بالا خانىلىق ئېگىز بىنالار قىممەتلىك ھېسابلىناتتى، ئەمەلدارلار ۋە بايلار ئائىلىلىرىنىڭ قورالىرى بالىخانىلىق بولغاچقا چوڭ ئائىلەر ھېسابلىناتتى. تۇرپان رايونىنىڭ يازلىقى بەك ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن، گەمىلەر كولاپ ئىسسىق مەۋسۇمنى گەمىلەردە ئۆتكۈزۈشەتتى. قىسقىسى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى دەۋردىكىدەك سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ يۆرۈپ ياشىغانغا قارىغاندا، تۇرمۇشلىرى مۇقىم بولۇپ، خېلى ھوزۇر - ھالاۋەت ئىچىدە ياشايدىغان بولۇشتى.

## II

چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ياشىغان ۋاقىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە يېڭى ۋە كونا «تاڭنامە» لەردە خاتىرە يوق. «توققۇز ئۇيغۇر قاغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابىدىسى» قېزىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇ دەۋردە يېزىق ئىشلىتىلگەنلىكى بېلىندى. ئاساسەن كۆكتۈرك يېزىقى، كېيىنچە سوغد يېزىقى (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى) قوللىنىلاتتى.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن مۇھىم، تەسىرى چوڭقۇر بىر تارىخىي ۋەقە، ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى بولدى. تەخمىنەن X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام تەسىرى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارغا تارقالدى. يىگىرمە نەچچە يىل داۋام قىلغان شەپقەتسىز دىنىي جىهاد (ئۇرۇش) لار ئارقىلىق بۇددادىنى ئاخىرىدا ئىسلام دىنىغا بويسۇندۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرلەردە ياشىغان ئۇيغۇرلار بىر مەزگىل قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىنى بىرلىكتە ئىشلەتكەن بولسىمۇ، تەدرىجىي ھالدا ئەرەب يېزىقىنى قوللانغانلىقى يەنى ئاتالمىش ئەرەب ئېلىپبەسىنى قوللانغانلىقى ئېھتىمالدۇر.

شىنجاڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تېزىقىنى پۈتۈنلەي قالدۇرۇپ، ئەرەب ئېلىپبەسى يېزىقىنى قوللىنىش ئۈچۈن ئېھتىمال تېخىمۇ ئۇزۇن، تېخىمۇ مۇرەككەپ جەريانلارنى ئۆتكۈزۈپ، تەدرىجىي ھالدا بۇ ئۆزگەرتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇشى مۇمكىن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ خاقانى چيەنلۇڭ دەۋرىدە چىققان «لوڭۋېيمىشۇ» (龙威秘书) ناملىق ئەسەردە قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىن ئېلىنغان نەقىللەرگە قارىغاندا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈنلەي ئەرەبچە يېزىقنى قوللىنىشى XVIII ئەسىردىن كېيىنكى ئىش ئىكەنلىكى ئېنىق دەپ ئەيتقىلى بولىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا، ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەر-سەنئىتىنى جىددىي تەرەققىي قىلدۇردى. نەپىس ئىشلەنگەن كەشتىچىلىك، توقۇمىچىلىق، زەرگەرلىكتىن ئىبارەت ھۈنەر-سەنئەتلىرى ئۈستىدە توختالمايلى، يالغۇز رەسساملىق سەنئىتىلا ئۇلارنىڭ ئۇسلۇب ۋە سەۋىيىسىنى بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. ئىبادەتخانىلاردىكى مىنىياتۇرلار (تام رەسىملىرى) بۇلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەردىن ئىبارەتتۇر.

شىنجاڭنىڭ تۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلىرىدىكى مىڭئۆي ۋە ئىبادەتخانىلاردا نۇرغۇن مىنىياتۇرلار تېپىلدى. مەزمۇنلىرىنىڭ كۆپچىلىكى بۇددا ھېكايىلىرى، ئۆرپ-ئادەت، تۇرمۇشقا ئائىت رەسىملەر بولۇپ، يەنە ئۆز دەۋرىدىكى مۇھىم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەزمۇن قىلغان رەسىملىرىمۇ بار. سىزىش ئۇسۇلىدا جۇڭگو، ھىندىستان، ئىران ئۇسلۇبىدىن پايدىلىنىلغان.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا روسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ «ئېكىسپېدىتسىيىچىلىرى»، «تەكشۈرۈش

ئەترەتلىرى» ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىغا كېلىپ پائالى ـ
يەت ئېلىپ بېرىشتى، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە تەكشۈرۈشىدىن باشلاپ، كېيىنچە تەدرىجىي
ھالدا تارىخ، ئارخېئولوگىيە، تىل، ئېتنوگرافىيە، فولكلورىستىكا، سەنئەت، دىن، جۇڭگو
بىلەن غەرب ئەللىرى ئارىسىدىكى قاتناش ئالاقىسى ھەمدە رېئال تېمىلار قاتارلىق
كەڭ ساھەلەرگە كېڭەيتتى. ئۇلار تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا قېزىش
ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇن ئىبادەتخانىلار ۋە مىنىياتۇرلارنى تاپتى. بۇ
مىنىياتۇرلارنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، گېرمانىيەلىك لېكوكنىڭ كۇچار ۋە تۇرپان
قاتارلىق يەرلەردىن تاپقان بۇيۇملىرى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەنگلىـ ـ
يەلىك ئىستېيىننىڭ تەكلىماكان چۆللىكىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى تەك ـ
شۈرۈپ تاپقان بۇيۇملىرى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتسىزدۇر. مانا بۇ ئۇيغۇرلار غەربكە
كۆچۈشتىن بۇرۇنلا، بۇددىزمنىڭ غەرب ئەللىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقال ـ
غانلىقىدىن شۇنىڭدەك جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا تېخىمۇ بۇرۇنراق تارقالغانلىقىدىن
دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ يەرلەرگە كىرگەندىن كېيىن ئەسلىدىكى مانى دىنىغا
ئېتىقاد قىلىپلا قالماي، بۇد دىنىغا، زەردۇشتىلىققا، نەستورىيىلىققا، ئاخىردا ئىسلام
دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتى. ئىستېيىن تاپقان بۇتخانىلار ۋە مىنىياتۇرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار
بىلەن ئالاقىسىز بولۇشىنىڭ ئىككى خىل ئىمكانىيىتى بولۇشى مۇمكىن: بىرى،
ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇنلا بۇ بۇتخانا قۇرۇلۇشلار قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ
قالغان بولۇشى كېرەك؛ يەنە بىرى قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى
ئۇيغۇرلار كېلىپ ئۇزۇن بولماستىنلا قاراخانىلىق ساتۇق بوغراخان، يۈسۈپ قادىرخانلار ـ
نىڭ ھەربىي جەھەتتىن بويسۇندۇرۇشى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ،
بۇددىزم پائالىيەتلىرىدە ئىز قالدۇرۇشقا تېخى ئۈلگۈرۈپ يېتەلمىگەنلىكىدىن بولۇشى
مۇمكىن.

لېكوك «چىنى تۈركىستاننىڭ يەر ئاستى قىممەتلىك بۇيۇملىرى» ناملىق
ئەسىرىدە: باشبېرىق (كۇچارغا يېقىن) دىن قېزىۋېلىنغان مىنىياتۇرلاردا «ئىچكىي
خانىلار ئىشىكىنىڭ ئوڭ سول تەرىپىگە ماڭىدىغان ئىككى تەرىپىدە تۈركلەر
سىستېمىسىدىكى ئۇيغۇر ساخاۋەتچىلىرىدىن بىر تەرىپىدە ئەرلەر، بىر تەرىپىدە
ئاياللار بولۇپ، بىرنەچچە قاتار ياندىشىپ تۇرغان رەسىملىرى بار. بۇلار بەگ
خانىدانى ياكى ئېسىلزادىلارغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ھەر بىر رەسىمدىكى ئىسىملىك ـ
لەرنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى» دەپ يازىدۇ. كۇچارنىڭ شىمالىدىكى
بىر مىڭئۆيىنىڭ كىمىر تاملىرىدىلا مىنىياتۇرلار بولۇپلا قالماستىن، ئىشىكنىڭ يېنىدىمۇ
ئۇيغۇرچە يېزىلغان، يەنە بىر دانە چوڭ تاش لەۋھە توغرىسىغا كىمىر تېمىغا
ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇستىگە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ۋاقىتىدا قوللانغان كۆكتۈركچە
يېزىق ئويۇلغان.

تۇرپان رايونى مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇرغان ۋە دىنلارنىڭ يىغىلغان جايى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتى شەرق ۋە غەربنىڭ ئىنتايىن زور تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا بىر خىل بىرىكمە شەكىلدىكى خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر. مىنىياتۇرلاردا ئىچكىرىلىك خەنزۇلار، قارا تەن ھىندىستانلىقلار، زەڭگەر كۆزلۈك قىسقا چاچلىق تۈركىي خەلقلەردىن ئىبارەت ئوخشاشمىغان ئوبرازلار بار ئىدى. رەسىملەرنى سىزىش ئۇسلۇبىدا يۇنان، ھىند، قەندىھار ئۇسۇلى بىلەن جۇڭگوچە ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرگەن سەنئەت ئىپادىلىنىپ تۇرماستىن يەنە ئىرانچە سەنئەتنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. لېكوكنىڭ بېرلىنگە ئېلىپ كەتكەن رەسىملىرى ئىچىدىكى بىر رەسىمدە مۇرىدلار كىيىمىنىڭ ھەممىسى دىگەدەك ئىرانچىدۇر. لېكوكنىڭ سۆزىگە قارىغاندا: «مانى رەسىمىنىڭ دۈمبىسىگە قوياش ئاي نۇرى، مۇرىدلارنىڭ دەۋر قاپ تۇرغانلىقى چۈشۈرۈلگەن. بۇ خىل مانىزم رەسىملىرىدىن بىر نەچچە دانىسىنىڭ بوياقىنىڭ روشەنلىكى، كىشىگە توغ - رىدىن - توغرا ئەرەب - پارس ئىستىلىدىكى نەپىس رەسىملەرنى ئەسلىتىدۇ. بىر قىسىم نەقىشلىك بىزەكلىرى پارس بىزەش ئىستىلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ⑫ كۇچار يېقىنىدىكى باشئېرىقتىن قېزىۋېلىنغان ئۇيغۇر مىنىياتۇرلىرى «سول تەرەپتىكى كا - رىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدە سېرىق جەندە (تون) كەيگەن ھىند راھىبلىرىنىڭ رەسىمى بولۇپ، ھىندىستاننىڭ ئىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا براھمىچىسى بىلەن يېزىلغان. ئوڭ تەرەپتىكى كارىدورنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىنەپشە رەڭلىك جەندە كەيگەن ئۈچ نەپەر شەرقى ئاسىيا راھىبلىرىنىڭ رەسىمى بار؛ ئەينى كارىدورنىڭ سول تەرىپىدە ئۈچ نەپەر سېرىق جەندە كەيگەن ھىند راھىبلىرىنىڭ رەسىمى بار. بۇ شەخسلەر - نىڭ بېشىدا كىچىك ئىسىملىك لەۋھەسى بولۇپ، ھىندلىقلارنىڭ ئىسمى سانسك - رىتچە، شەرقى ئاسىيالىقلارنىڭ ئىسمى خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىلغان». ⑬ ئومۇمەن ئېيتقاندا بۇ مىنىياتۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىئىي سەنئەتنى ئاكتىپ قوبۇل قىلغانلىقىنى، شەرق غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ ھەمدە ئۆز ئالدىغا بىر خىل ئىستىللىق بىرىكمە شەكىلدىكى سەنئەتنى ئىجاد قىلىپ، ئېلىمىز مەدەنىيەت تەرەق - قىياتىغا ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى.

مۇندىن باشقا گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىسى تۇرپان يېقىنىدىكى مۇرتۇق بۇت - خانىسىدا نۇرغۇن ئويما باسمىلىق بۇ يۇملارنى تاپتى، كۆپىنچىسى بۇددا، مانى دىنلىرى قاتارلىقلارنىڭ دىنىي كىتابلىرى بولۇپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، سانسكرىت - چە، تاڭغۇتچە، تۈبۈتچە، موڭغۇلچە يېزىلغان. بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، سانسكرىتچە باسما بۇيۇملار كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى. تىراژىمۇ كۆپ ئىدى. ئامېرىكىلىق كارتېر ئۆزىنىڭ «جۇڭگودا مەتبەچىلىكنىڭ ئىجادى ھەم

غەربكە تارقىلىشى» دېگەن ئەسىرىدە «بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى XIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن ئۇ تەرەپكە ئۆتمەيدۇ ... —. ئۇيغۇرلاردا مەتبەچىلىكنىڭ قايسى ۋاقىتتا باشلانغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سان، سۈپەت جەھەتتە تامامەن دېگۈدەك ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.» دەپ يازىدۇ. بۇدەۋردە ئويما باسمىچىلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە مىخ مەتبە باسمىچىلىقىمۇ بار ئىدى. 1908- يىلى فرانسىيەلىك پېللىئوت دۇنخۇاڭ كىمىرلىرىدىن بىر سوغا ياغاچ مىخ ھەرپ تاپتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى كۆپ مىللەتلەرنىڭ يېزىقلىرىنى بىلىشى ھەم جۇڭگو تارىخىغا بولغان چوڭقۇر بىلىمىگە تايىنىپ، بۇ مىخ ھەرپنى 1300 - يىللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرچە ياغاچ مىخ ھەرپ دەپ ھۆكۈم قىلدى. بىز بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجادى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە قىينالساقمۇ، ئەقەللىسى بۇ ئۇيغۇرلاردا باسمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت زىچ مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك مەتبەچىلىكنىڭ غەربكە تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە بۇنچىلىك زور تەرەققىياتلارغا ئىگە بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى نەدە؟ تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە سىناق تېرىقىسىدا تەھلىل قىلىپ باقايلى:

ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىدىن بولغان. ماركسىزم، ھەر قانداق ئىجتىمائىي فورماتسىيەنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ كونكرېت تارىخى دىئالېكتىكىلىق بىرلەشمىسى دەپ قارايدۇ. ئىقتىسادىي بازىس ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ، ئۈستقۇرۇلما ئىقتىسادىي بازىسنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۆزگىرىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۈستقۇرۇلمىمۇ مۇقەررەر ھالدا ياكى كېچىكىپرەك بۇرۇنراق ئۆزگىرىدۇ. غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار ئەسلىدىكى قالاق چارۋىچىلىق قوشۇمچە ئوۋچىلىق قىلىشتىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، تىجارەت، قول سانائىتى، ئوۋچىلىقتىن ئىبارەت بەش ساھاگە كۆچتى، ئىقتىسادى روناق تېپىپ گۈللەندى؛ يەنە سۇ ئوت-چۆپ قوغلىشىپ يۈرىدىغان كۆچمەن ھاياتتىن، شەھەر-يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان ھاياتقا كۆچۈشتى، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكى موللىشىپ، تۇرمۇشى ياخشىلاندى. مانا بۇ چوڭقۇر غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر پەيدا قىلىپ، يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاددىي بىر مىسال ئالىدىغان بولساق قەدىمكى زاماننىڭ ئوۋچى مىللەتلىرى ھەر قېتىم ئوۋدىن كۆپ غەنىمەتلەر بىلەن قايتقان ۋاقىتتا، ھەمىشە دېگۈدەك بىر يەرگە يىغىلىپ، ئۇسسۇل-رەقسلەر بىلەن خوشاللىق تەنتەنىلىرىنى ئىپادە قىلىشاتتى ئەمەسمۇ! ئۇنداق بولغاندا كىيىم-كېچىكى، يېمەك-ئىچمەكى مول ئۇيغۇرلار

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇنمۇ مۇشۇنداق غەزەل ئوقۇپ، ئۇسۇل ئويناپ، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيـ-
يەتلىرى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلەتتى. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ماددى تورمۇشى
ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ ئۈستۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەممىدە دېگۈدەك مەدەنىي ھاياتقا
ئاكتىپ ئال تەلەپ تۇغۇلىدۇ. دەلگىنە مۇشۇنداق ئىمكانىيەت ۋە تەلەپنىڭ ئالدىنقى
شەرتى ئاستىدا، ئۇيغۇر مۇزىكا ئۇسۇلى تېز راۋاجلاندى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئادىتىگە
ئايلاندى. ۋاڭ يەندې قۇچۇغا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە «مۇزىكىنى ياخشى كۆرۈش،
يولۇچىلارنىڭ مۇزىكىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش» تىن ئىبارەت كەڭ تارقالغان ئەھۋالنى
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەمەسمىدى. مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئۇيغۇر مۇزىكا
ئۇسۇلى يەنە ئومۇملىشىش ۋە يۈكسىلىشنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىدە «يەنە بىر
بالداق» يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئاخىردا مۇستەقىل ئىستىلغا ئىگە، سىستېمىلىق، جۇغگو ھەم
چەت ئەللەرگە داڭقى كەتكەن غەربىي رايون ناخشا ئۇسۇلى بولۇپ قالغان ئىدى. «ھۆج-
جەتلەر تەتقىقاتى»دا غەربىي رايون ناخشا ئۇسۇلىنىڭ قوچۇمۇزىكىسى، كۇچار
مۇزىكىسى، قەشقەر مۇزىكىسى، خوتەن مۇزىكىسى قاتارلىقلار مەخسۇس
بۆلۈپ بايان قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى،
ئالدى بىلەن جەمئىيەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققى قىلغان دېيىمىز.
بۇنداق ئىقتىسادى بازىسىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى، ئۈستقۇرۇلما ھېسابلانغان
مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىپ ھالدا تەرەققى قىلىپ ئۆزگىرىشىنى بەلگىلىشى زۆرۈر ئىدى.
يېزىق، گۈزەل سەنئەت، مەتبەچىلىك تېخنىكىسى قاتارلىقلاردا يېڭى تەرەقىيات
ھالىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تارىخىي مۇقەررەرلىكتىن ئىبارەتتۇر.

ئۇنىڭدىن قالسا يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ قىلىن ئاساسىدىن بولغان. ماتېرىيالىزم
ئوبيېكتىپ پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇيغۇرلار زور تۈركۈمدە غەربكە كۆچۈشتىن
بۇرۇن، غەربىي رايون يىپەك يولىنىڭ بوغىزى ھېسابلانغان بۇ مۇھىم يەر، سودىسى
تەدەققى قىلغان، ئىقتىسادى جانلانغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەرق، غەربلىك
تۈرلۈك مىللەتلەر بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلىشاتتى ۋە كۆچەتتى، تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر
ئۈزلۈكسىز ھالدا تارقىلىپ كىرەتتى، ئالمىشىلاتتى. ئۇيغۇرلار 841 - يىلدىن
كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقىنىدا، بۇ يەردە خېلى تەرەققى قىلغان مەدەنىيەت
بار ئىدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى دەل بۇ ياخشى ئاساس ئۈستىگە
قوبۇل قىلىنىپ، يۇغۇرۇپ، ئىجادىي تەرەققى قىلدۇرۇلغانىدى.

مىللەتلەرنى ئېلىپ ئېيتساق دى، چىياڭ، خەنزۇ، ياۋچى، ئۇيسۇن، دىڭلىڭ،
تېلۇس، كۆكتۈرك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئۆتۈپ كەتكەن
ياكى ماكانلىشىپ قالغانىدى ۋە بۇ يەردىكى مىللىي تەركىپنىڭ كۆپ خىللە-
قىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. مەدەنىيەتنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ يەر خەنزۇ مەدەنىيەتى،
پارس مەدەنىيىتى، ھىند مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيەتى قاتارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ

يىغىلىپ جەم بولغان ئورنىدى. بولۇپمۇ ئۆزلۈكسىز قېزىپ چىقىلغان خەنزۇچە تارشالار، خەت - چەكلەر، مويقەلەم، تەقۋىم، ھېسابات، دورىلار، قوراللار، پۇللار، تاۋار - دۇردۇنلار، بۇددىزم، داۋئىزم كىتابلىرى ھەمدە كىتاب، تارىخ، شېئىر قاتارلىقلاردىن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ بىر مەسىلىنى تولۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىمكى «تۆت چوڭ كەشپىياتى» مۇ دەل مۇشۇ يەر ئارقىلىق غەربكە — ئەرەبىستان ۋە ياۋروپاغا تارقالغانىدى.

مەلۇمكى، ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئەينى ۋاقىتتا بىر يەرگە تەسىر كۆرسەتكەندە، بىر خىل ئالاھىدە مۇرەككەپ بىرىككەن شەكىلدىكى يېڭى مەدەنىيەتلا پەيدا بولالايدۇ، بىر گۈللا ئېچىلىپ، باشقا گۈللەرنىڭ سولىشىشى، بىرىنىڭ ئۆزگىلەرنى «يەۋېتىشى» مۇمكىن ئەمەس. مەمۇرىي زورلۇق ۋاستىسى قوللىنىلسا ئۇنىڭ ھۆكمى باشقا، ھالبۇكى ئۇيغۇر ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بۇنداق ھەركىتى بولمىغان، شۇڭلاشقا غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خەنزۇ مەدەنىيىتى، پارس مەدەنىيىتى، ھىند مەدەنىيىتى قاتارلىق كۆپ مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، قوبۇل قىلىش ھەم ساقلاش يولى بىلەن تەدرىجى شەكىللىنىپ تەرەققى قىلغان بىر خىل بىرىكمە شەكىلدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدۇر. گېرمانىيە ئېكىسپېدىتسىيىسىنىڭ ئىدىقۇت خارابىلىرىدىن تاپقان بىر نۇسقا قالدۇق تەقۋىم پارچىسى بۇ خىل مەدەنىيەتكە ئىسپات بولالايدۇ. كۈن تەرتىپىنى خاتىرىلەشتە قوللىنىلغان بۇ تەقۋىمدە، ھەر كۈننىڭ ئۈستى قىسمىغا سوغدىچە كۈن ناملىرى يېزىلغان، ئۇندىن كېيىن 甲 (ئا)، 乙 (ئە)، 丙 (ب)، 丁 (پ) قاتارلىق خەنزۇچە ھېروگلىفلارنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بېرىلگەن، ئۇندىن كېيىن يەنە سوغدىچە يېزىقتا چاشقان، كالا، يولۋاس، توشقان قاتارلىق 12 مۇچەل ناملىرى يېزىلغان، ھەر كۈننىڭ ئاستىغا دەرەخ، ئوت، تۇپراق، مېتال، سۇلاردىن ئىبارەت خەنزۇلار قوللىنىدىغان بەش ئېلېمېنتنىڭ نامى يېزىلىپ، يەنە ھەپتە كۈنلىرى، ئاي ناملىرى يېزىلىپ، ھەپتە كۈنلىرىنىڭ سانى تولۇقلانغان. سوغدىچە بۇ تەقۋىم، خەنزۇ تەقۋىمىدىن تەرجىمە قىلىنغان ھەم تولۇقلاپ ئۆزگەرتىپ يېزىلغان بىر خىل بىرىكمە شەكىلدىكى تەقۋىم بولۇشى مۇمكىن.

يەنە ئۇندىن قالسا كۆپ دىنلارنىڭ ئۆز ئارا تەسىرىدىن بولغان. پەن ئانچە تەرەققى قىلمىغان قەدىمكى دەۋردە دىن، بىر مىللەتنىڭ غايىۋى تەلپى، مەنىۋى ھاۋالىسى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ھەركەت نورمىسى قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىنتايىن زور تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرى، شۇنىڭدەك ئىدىيە ساھەسى بىلەن مەدەنىيەت ساھەسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى گەۋدىلىك بولىدۇ. ئۇيغۇرلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ۋاقىتتا دەستلەپ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، كېيىنچە مانىزم ئىگىلىدى، غەربكە كۆچكەندىن كېيىن

www.uyghurkitap.com

زەردۇشتلۇق، بۇددىزم، نېستورىلىك ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈنلەي ئىسلام دىنى ئىگىلىدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۇ ۋاقىتتا بىر قېتىم زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، بىر[illegible] مەدەنىيەت ئەڭ ئاخىرىدا ئىسلامىي مۇنىستىك مەدەنىيەتكە يۆنەلدى.

يۇقىرىقى بايانلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى مەدەنىي تەرەققىياتى مىسلى كۆرۈلمىگەن يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇرلار تارىخىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بىر باسقۇچ شانلىق مەدەنىيەت چوققىسى بولۇ- غانىدى. ئۇ شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەمدە غەربىي شىمالدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئەمگىكى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ۋەتىنىمىز مەدەنىيەت غەزىنىسىدە كۆز قاماشتۇرىدىغان ئاجايىپ بىر گۈلدىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن مەشھۇر «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» ھەمدە «قۇتادغۇ بىلىگ» ئىككى ئەسەر ئەنە شۇ تەرەققىيات ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى قەشقەرلىق ئۇيغۇر مەھمۇد قەشقىرى 1072 — 1074 - يىللىرى ئەرەبچە يازغان ئىدى. بۇ بىر ئېنسىكلوپېدىك مەلۇماتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لۇغەت كىتابى بولۇپ، مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ، جاھان تىلشۇناسلىرى ئۈچۈن نادىر بىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئىلمىي ئاساسى بولۇپلا قالماستىن بەلكى مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىلى، تارىخى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. «قۇتادغۇ بىلىگ» نى يۈسۈپ خاس ھاجىب 1069 — 1070- يىللىرى قەشقەردە يېزىپ چىققان نەزمىي داستاندۇر. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلدى ھەمدە شۇ ئاساس ئۈستىدە ئەرەب، پارس ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تەسىر - لىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا بىر نامايەندە بولۇپ قالدى.

## III

IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا زور تۈركۈملەپ غەربكە كۆچۈپ كەلگەن ئۇي- غۇرلار، XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كېلىپ غەربىي قىتانلارغا بېقىنغاندىن بۇرۇنقى 300 يىل ئىچىدە، ئۇلارنىڭ جارى قىلغان تارىخىي رولى ئىنتايىن زوردۇر، تۆھپىسىمۇ گەۋدىلىكتۇر. شۇڭلاشقا بۇ دەۋرنى ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ مۇھىم بىر بۇرۇلۇش دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ تارىخىي رولىنى تۆۋەندىكى ئۈچ مۇھىم نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

1. ئۇيغۇر مىللىي ئورتاق گەۋدىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلەتتى ۋە ئىلگىرى

سۇردى، ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدە تارىخى ئۇزۇن، نوپۇسى كۆپ، ئىقتىسادى،
مەدەنىيىتى تەرەققى قىلغان بىر مىللەت. شەكىللىنىش جەريانىدا نۇرغۇن مىللىي
تەركىبلەر ئالدى بىلەن شىمالى ياىلاقتىكى باشقا تۈركىي مىللەتلەر، ئۇندىن كېيىن
تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى مىللەتلەر، قەبىلىلەر ۋە يەرلىك ئاھالى-
لار قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇيغۇرلار زور تۈركۈملەپ غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى، تەڭرى
تاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى خەلقلەر قوشۇلغان بىرگەۋدە بولۇپ شەكىللەنگەن
ئىدى، IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا غەربكە كەلگەن ئۇيغۇرلار بۇ قوشۇلما گەۋدىگە
قوشۇلۇپلا قالماي بەلكى زور مىقتاردا «يېڭى قان» ئارتتۇرۇپ، ھەيدەكچىلىك ۋە
يېتەكچىلىك رول ئوينىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھاكىمىيەتنى
قۇرۇپ، بىر لەشكەن ئىدارە بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىش ئارقىلىق بۇقوشۇلما
گەۋدىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاق تېخىمۇ زىچلاشتى. ئورتاق تىل، ئورتاق تېررىتورىيە،
ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ھەمدە ئورتاق مەدەنىيەتتە ئىپادىلەنگەن پىسخىكىلىق
تەبىئىي خۇسۇسىيەت ئامىللىرىمۇ تېز شەكىللەندى. مانا بۇ يېڭى بىر مىللىي
ئورتاق گەۋدىنىڭ شەكىللىنىشىگە نىسبەتەن ئىنتايىن زور ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى
ئوينىدى. شۇنىڭدەك كېيىنكى ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا ئەتراپتىكى
تېخىمۇ نۇرغۇن مىللەت ياكى قەبىلىلەرنى ئۆزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ بىرگەۋدىگە
ئايلاندى. ئەگەر قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن ئىبارەت بۇ نىسبى بىرلىك، ئۇزۇن مۇددەتلىك
تۇراقلىق ھاكىمىيەت، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەركەزلىك رولى ۋە ئىستىھكاملىق
رولى بولمىسا، نەتىجىدە قانداق بىر يېڭى مىللەت ئورتاق گەۋدىسى شەكىللىنەتتى؟ بۇمۇ
ئويلىنىپ مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە. خېشى ئۇيغۇرلىرى، پامىر غەربى-
دىكى ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەرگە تەرەققىي قىلىپ ياكى پارچىلىنىپ كەتتىغۇ. شۇڭلاشقا
غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر مىللىي ئورتاق گەۋدىسىنىڭ
شەكىللىنىشىنى تېزلىتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوينىغان تارىخىي رولىنى ئىنتايىن
مۇھىم دەيمىز.

2. غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقىسىنى مۇھاپىزەت
قىلدى ۋە كۈچەيتتى، شەرق ۋە غەرب قاتناش ئالاقىسىنىڭ مۇھىم جايىدا تۇرغان
ئۇيغۇرلار، تاڭ سۇلالىسىدىن بەش دەۋرگىچىلىك بولغان سۇلالىلار ھەمدە سۇڭ،
قىتان، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە ئىچكىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت باشتىن
ئاخىرغىچە ناھايىتى زىچ ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا يەنە غەربتىكى ئەللەر بىلەن
ئالاقىسىمۇ ناھايىتى قويۇق بولاتتى، مەسىلەن 923- يىلى شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى
كېيىنكى تاڭ سۇلالىسىغا پارس كىمخابى سوغا قىلدى، 933 — 934 - يىللىرى
گەنجوۋ ئۇيغۇرلىرى كېيىنكى تاڭ سۇلالىسىغا پارس سەرنىغى، باھالىق تاشلار
ئورنىتىلغان كەمەر سوغا قىلغان ئىدى، بۇھال پارس ماللىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋاس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىسى ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بارىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بىرىدۇ. قىزىل-قارلىقى شۆكى، پارس ئەلچىلىرى بىلەن ھىند راھىبلىرى سۇڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە، چوقۇم قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنى ۋاستە قىلاتتى ياكى يول باشلىغۇچىلار بىرلىكتە باراتتى. مەسىلەن 984 — يىلى ئاپرىل، ماي ئايلىرىدا «قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ھەم براھمان راھىبى يۇنشى، پارس يات دىندىكىلەردىن ئەلىيىنلار سوغا تەقدىم قىلىشقا ئۇدا ئىككى قېتىم كەلگەن ئىدى.»، «ئىدىقۇت (قوچۇ)، كۇسەن ئاسانلىقچە براھمانلار ۋە پارس يات دىندىكىلەر بىلەن سوغا تەقدىم قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتمەيتتى» ⑭. ئۇيغۇرلارنىڭ سۇڭ سۇلالىسىغا سوغا تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىدىن بەزىلىرى كەيپىڭغا كەلگەندىن كېيىن، قايتماي ئۇزۇن تۇرۇپ قالاتتى، دورا-دەرمەك سېتىشاتتى، شۇنىڭدەك كۇسەنلىك ۋە شاجوۇلۇق ئۇيغۇرلار بالا-چاقىلىرى بىلەن سۇڭ خاندانلىقىغا كېلىپ «سوغا» تەقدىم قىلىشاتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ سودىگەرچىلىك قىلىشاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بەش سۇلالە خانلىرىغا ھەم شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىغا قىلغان ئاتالمىش «سوغا» لىرى، ئەمەلىيەتتە بىر خىل ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تىجارىتى ئىدى. ئۇيغۇرلار ئاساسەن نۇرغۇن مىقتاردا ئات، گەزلىمە، دورا-دەرمەك ئەپكېلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئالتۇن-كۈمۈش بىزەكلەر، كۈمۈش ئەسۋابلار، يىپەك-تاۋارلار، مىس پۇل قاتارلىقلارغا ئالماشتۇراتتى، بۇ خىل سوغا تەقدىم قىلىش شەكلىدىكى ھۆكۈمەت سودىسىدىن باشقا، خەلق ئارىسىدىكى سودىمۇ ناھايىتى جانلانغان ئىدى، شىمالىي سۇڭ ھۆكۈمىتى بۇ سودىنى چەكلەش بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ ھەم چېگرىلىق بازار مەھكىمىسى قۇرۇپ كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدىكى سودا-سېتىق ئىشلىرىنى دائىم مەنئىي قىلىش بۇيرۇقى بىلەن توسۇپ قېلىش قىيىن ئىدى. كېيىنچە ئۇيغۇرلار شىمالىي سۇڭ ھاكىمىيىتى، قىتانلار، جىنلەر بىلەنمۇ سودا ئالاقىسى قىلدى. مەسىلەن: قىتانلارنىڭ شاڭجىڭ شەھىرىنىڭ جەنۇب دەرۋازىسىنىڭ شەرقىدە «ئۇيغۇر مەھەللە-سى» تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنى يېمەك-ياتاقلار بىلەن تەمىنلەپ قولايلىق يارىتىپ بەرگەن ئىدى. ئەڭ كۆپ بولغان بىر قېتىمدا قاتناۋاتقان ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ سانى 400 دىن ئاشقان ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن غەربىي رايون ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىشتە ھەمدە جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرىنى ئالاقىلاشتۇرۇش جەھەتتە ئۇيغۇرلار ئاكتىپ، ئۇزۇن مۇددەت، مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى.

3. ۋە تىنىمىز غەربىي شىمال چېگرىسىنى ئېچىش جەھەتتە ئىنتايىن زور تۆھپە قوشتى. زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلار تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا،

بامىرنىڭ شەرق ھەم غەربىگە كىلىپ، يەرلىك ئاھالە بىلەن بىرلىكتە جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، ئەل يۇرتلىرىنى قۇرۇشتى. ئەتراپتىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالماشىشىدا، بۇرۇن بىلمەيدىغان بىلىم ۋە تېخنىك مەلىكىلىرىنى ئۆگەندى ھەم ئىگىلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىلاشقا جۈرئەت قىلىپ ئۆزگەرتتى، جەمئىيەت ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت - سەنئىتى، تۇرمۇش ئادەتلىرى قاتار-لىق جەھەتلەردە، ئەسلىدىكى ئاساس ئۈستىدە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئىگە بولدى. ئۆزلىرىنىڭ ئېقىل پاراستىنى، ئەمگەكچان ۋە پىداكارلىقىنى نامايەن قىلدى، ۋەتىنى-مىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىنى ئېچىپ تېخىمۇ گۈزەل باياشات قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە «يىپەك يولى» نى قوغداپ راۋان قىلدى. ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى زەرەرگە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسىدىن سۇڭ سۇلالىسىغىچىلىك، ئۇيغۇرلار ئىلگىرى كېيىن بولۇپ تۇفان، تاڭغۇت ئاقسۆڭەك ھۆكۈمران سىنىپى قاتارلىقلار بىلەن بوشاشماستىن، قەيسەرلىك بىلەن پىداكارانە كۈرەشنى داۋاملاش-تۇرۇپ كەلدى.

ھاجى ياقۇپ يۈسۈپ تەرجىمىسى

## ئىزاھلار

①، ② «يېڭى تاڭنامە» 217- جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» گە قارالسۇن.

③ «كونا تاڭنامە» 195- جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» گە قارالسۇن.

④ «بەش سۇلالە تارىخى» 74- جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» گە قارالسۇن.

⑤ ⑥ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490- جىلد «قوچۇ تەزكىرىسى» گە قارالسۇن.

⑦ «بەش سۇلالە تارىخى» 74- جىلد ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» گە قارالسۇن.

⑧ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490- جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» گە قارالسۇن.

⑨ چىڭ (مانجۇ) سۇلالىسى دەۋرىدىكىلەر ئۇيغۇرلارنى «چەنخۇي» دېيىشەتتى.

⑩ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490- جىلد، «قوچۇ تەزكىرىسى» گە قارالسۇن.

⑪ خۇڭ خاۋ ئەسىرى «سۇڭمو خەۋەرلىرى»، «ئۇيغۇرلار» غا قارالسۇن.

⑫ گەرۋساي ئەسىرى. فىڭ چېڭجۇن تەرجىمىسى «ستېپىنىڭ غەربىي رايون ئاسەر - ئەتىقىلىرىنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» گە قارالسۇن.

⑬ لېكوك ئەسىرى «چىنى تۈركىستاننىڭ يەر ئاستى قەدىمە تىلىك بۇيۇملىرى» گە قارالسۇن.

⑭ «سوڭ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» ۋە جاڭ رۇيۇ ئەسىرى «شەنتاڭ تەتقىقاتى. داۋامى» غا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بەي يەنخۇ يېغىلىقى ۋە مېھرىبانۇ ۋاڭ①

ئابدۇللا ئەھمىدى

1825 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 5 - يىلى) 12 - ئايدا چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىدىن (بېيجىڭ) «خۇتەننىڭ 3 - دەرىجىلىك ھېكىمبېگى خۇدابەردى، قەشقەرنىڭ 4 - دەرىجىلىك ھېكىمبېگى پولات، ئىلىنىڭ 6 - دەرىجىلىك ھېكىمبېگى خالزاتلار شۇئەنۋۇمىن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا خاننى تاۋاپ قىلسۇن، ئۇلارنىڭ بېيخەيگە بېرىپ مۇز كۆللەرنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىنسۇن» دەپ چۈشۈرۈلگەن يارلىقىغا بىنائەن، ئىلىنىڭ خالزات خان تەيجى بېيجىڭگە بارغىچە قۇمۇلغا كەلگەندە، بېشىر ۋاڭ تەرىپىدىن قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان ۋە بېشىر ۋاڭنىڭ ئايالى بىۋۋى ھەجەرنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان② خالزات ھېكىمبەگ تاغىسىنىڭ قىزى مېھرى بانۇنى بېشىر ۋاڭغا لايىق كۆرۈپ، ئۆز پىكرىنى بېشىر ۋاڭغا يەتكۈزگەن، بېشىر ۋاڭ بۇ ئىشقا ناھايىتى مەمنۇنلۇق بىلدۈرگەن. خالزات ھېكىمبەگ بېيجىڭغا قاراپ قۇمۇلدىن يولغا چىققاندا، بېشىر ۋاڭ ئۇنى «سىبۇلاق» دېگەن جايغىچە ئۇزۇتۇپ بارغان. خالزات ھېكىمبەگ بېيجىڭدىن قايتقاندا، قۇمۇلدا يەنە بىر مەزگىل تۇرۇپ، بېشىر ۋاڭ بىلەن ئۆزىنىڭ مېھرىبانۇ بىلەن تويلىشىش ئىشى توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكەن. قايتىدىغان چاغدا، بېشىر ۋاڭ خۇشال بولۇپ، خالزات ھېكىمبەگكە نۇرغۇن سوغا سالام تەقدىم قىلىپ «توسقا»③ دېگەن جايغىچە ئۇزۇتۇپ بارغان. خالزات ھېكىمبەگ ئىلىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن قۇمۇل بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدا توي ئىشى ئۈچۈن ئىككى قېتىم ئەلچىلەر بېرىپ كېلىپ، توي رەسمىيەتلىرىنى ئۆتكەندىن كېيىن 60 ئائىلىلىك (ئەر - ئايال) توي ئۈچۈن ئىلىغا بارغان، بېشىر ۋاڭ ئۆزى بارماي خەنجىرىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن. ئىلىدا بېشىر ۋاڭنىڭ خەنجىرىگە ئوقۇلغان نىكا توي ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئۆتكەن. تويدىن كېيىن مېھرىبانۇنى 60 نەپەر ئىلىلىق ئەر ئاياللار قۇمۇلغا كۆچۈرۈپ

---

① مېھرىبانۇ — مېھرى ئۆزىنىڭ ئىسمى، «بانۇ» ئاغىچا، خېنىم مەنىسىدە

② ئىلى تارىخي ماتېرىياللىرى 1984 - يىلى 1 - سانىغا بېسىلغان تېيىپجان ھادىنىڭ ماقالىسىدىن

③ توسقا — قۇمۇل شەھىرىنىڭ 10 ك.م غەربىدىكى چەتتىن كەلگەن مېھمانلارنى قارشى ئالىدىغان، ئۇزىتىپ قويىدىغان جاي

كەلگەن. قومۇلدىمۇ چوڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خالزات ھېكىمبەگ بېشىر ۋاڭ بىلەن تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قومۇل كىشىلىرىدىن 30 ئائىلىلىك ئادەمنىڭ ئىلىدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىنى بېشىر ۋاڭدىن ئۆتۈنگەن. بېشىر ۋاڭ بۇ تەكلىپكە مەمنۇنلۇق بىلەن قوشۇلۇپ، 30 ئائىلىلىك قومۇللۇقنى ئىلىغا كۆچۈرگەن. خالزات ھېكىمبەگ بۇ كىشىلەرنى غۇلجىنىڭ خۇديا يۈزىگە قاراشلىق ئاق ئۆستەڭنىڭ جەنۇبىدا جاي كۆرسىتىپ بېرىپ ئولتۇراقلاشتۇرغان، شۇندىن تارتىپ بۇ جاي «قومۇل مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان.

مېھرىبانۇ ئانىسىنىڭ يالغۇز قىزى بولۇپ، ئۇ قومۇلغا ئۇزىتىلغاندىن كېيىن، ئانىسى مېھرىبانۇنىڭ جۇدالىق پىراقىدا ھاراق ئىچىدىغان بولىۋالغان، شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئۇنى «شاراپچى خېنىم» دەپ لەقەم قويغان.

مېھرىبانۇنىڭ ئاكىسى نۇساتبەگ، سىڭلىسىنىڭ قومۇلغا ياتلىق قىلىنغىنىغا دەسلەپتە نارازى بولسىمۇ، ئانىسى شاراپچى خېنىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خالزات ھېكىمبەگ بىلەن باشقا بىر مەسىلە ئۈستىدە رەنجىشىپ قېلىپ، قومۇلغا — سىڭلىسى مېھرىبانۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇزۇن مۇددەت تۇرغان①

مېھرىبانۇ بېشىر ۋاڭغا تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىن، ئۇ، بېشىر ۋاڭنى جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا بولۇپمۇ مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، ئىلىم مەرىپەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەشەببۇس قىلغان. شۇڭا بېشىر ۋاڭ دەۋرىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن بەزى ياخشى ئىشلارنى مېھرىبانۇنىڭ تەشەببۇسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بېشىر ۋاڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مېھرىبانۇ بىشىر ۋاڭنىڭ ئورنىغا ۋاڭ بولۇپ، غۇلام مۇھەممەتكە ۋاكالىتەن ۋاڭلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن، ئۇ ھوقۇقىنى يېڭىلا قولغا ئالغان مەزگىللەردە شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ زەربە بېرىشى بىلەن مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلىرىنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئىدى، قوقەندىن ياقۇپبەگ قوشبېگى شىنجاڭغا كېلىپ ئاۋال قەشقەرنى، كېيىن يەكەننى بېسىۋېلىپ بىر مەزگىل تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، خوتەندىكى ھەبىبۇللا ھاجى كۇچاردىكى راشىدىنخان ھاكىمىيەتلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان. 1871-يىلى شىمالىي شىنجاڭنى ئىگەللەپ ياتقان تۇدىيىڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى تۇرپان قاتارلىق جايلارنىمۇ بېسىۋالغان.② شۇنىڭ

① ئىلى تارىخىي ماتېرىياللىرى 1984-يىل 1-سان تېيىرجان ھادىنىڭ ماقالىسىدىن
② تارىخىي ئەمنىيە 149-دىن 219-بەتلەر

uyghurkitap.com

بىلەن شىنجاڭدا ياقۇببەگ ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن.

بۇ چاغدا مەنچىڭ خاندانلىقى يۇننەندىكى تاۋۋاك باشلامچىلىق قىلغان قوزغىلاڭنى باستۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قوماندانلىرىدىن داخۇ، شىياۋخۇلار (خەلق ئارىسىدا بەي يەنخۇ دەپ ئاتالغان) شەنشى، لەنجۇ تەرەپلەرگە قېچىپ كېلىپ، شۇ جايدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىشىپ بىر قانچە ۋاقىت مەنچىڭ ئەسكەر-لىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان. لېكىن مەنچىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي بەش ئالتە مىڭ ئەسكىرى بىلەن شىنجاڭغا قاراپ قاچقان. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، مەنچىڭ ھاكىمىيىتى زوزۇڭتاڭنى داخۇ، شىياۋخۇلارغا قارشى جازا يۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، ياقۇپبەگكە زەربە بېرىپ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇيرۇق بەرگەن. بۇيرۇققا بىنائەن زوزۇڭتاڭ 40 مىڭ ئەسكىرىي كۈچ بىلەن شىنجاڭغا قاراپ ماڭغان، داخۇ، شىياۋخۇلار بولسا ھېچ قايەردە ئۇرۇشمايلا بۇ زورقوشۇنىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قېچىپ، 1874-يىلى قۇمۇلغا چىققان ۋە تاشۇلىق دېگەن جاينى ئىگەللىگەن.①

شۇ يىلى 8-ئايدا پالۋانتۇر يېزىسىنىڭ سەيخۇمياۋ دېگەن جايدا تۇرۇشلۇق چىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، لەنگەر دېگەن جايدا ئۇرۇنلاشقان. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەممىسى لاۋچېڭ (كونا شەھەر)گە كىرىۋېلىپ دەرۋازىلارنى تاقىۋالغان. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مېھرىبانۇمۇ، خانلىق ئەسكەرلىرىگە مۇسلىشىپ شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى تاقاپ، بەي يەنخۇنى شەھەرگە كىرگۈزمىگەن. لېكىن ئۇيغۇرلاردىن 18 كىشى مەخپىي ھالدا شەھەر سېپىلىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، بەي يەنخۇلار بىلەن كۆرۈشكەن. بۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرىنىڭ بىردەك بولۇشى، ۋە مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارىتا كۆز قاراشلىرىنىڭ ئوخشاش بولۇشى سەۋەبلىك 18 نەپەر قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى، بەي يەن-خۇلار بىلەن بىرلىشىپ، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە زەربە بېرىپ ئۇلارنى يوقىتىش قارارىغا كەلگەن. مېھرىبانۇنىڭ توسۇشىغا قارىماي، ئۇلار قوشۇن تۈپلاپ، بەي يەنخۇلار بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغان، ھەتتا ئۇيغۇرلار ياغاچتىن يالغان زەمبىرەك ياساپ، ئۇنىڭغا تۆمۈرنىڭ رەڭگىدە سىر بېرىپ بۇ زەمبىرەكنى لاۋچېڭغا قارىتىپ تىكلەپ قويغان. ئۇ، خۇددى راست زەمبىرەككە ئوخشاپ قالغانلىقتىن لاۋچېڭدىكى خانلىق ئەسكەرلەر قورقۇنچىغا چۈشكەن. مۇشۇ يالغان زەمبىرەك ھىيلىسى بىلەن بەي يەنخۇ خانلىق ئەسكەرلەرنى كېلىشىمگە قىستىغان. ئىلاجسىز قالغان خانلىق ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى (تۇڭنىڭ) كېلىشىمگە ماقۇل بولۇپ، تۆت كۈنلۈك سۆھبەتتىن كېيىن تۇڭنىڭ بەي يەنخۇغا ئالتۇن-كۈمۈچ

---

① تارىخىي ئەنئەنىۋە 220-، 22-، 295-بەتلىرى ھەم قۇمۇل تارىخىدىن ئېلىندى

ئاشلىق، ئات تاقىسى قاتارلىقلارنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ قۇمۇلدىن كېتىشىگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان① بۇ چاغدا قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق خانلىق ئەسكەرلىرىنىڭ سانى بەك ئاز بولغاچقا تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە 18 نەپەر ئۇيغۇر باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قۇمۇل خەلقى بەي يەنخۇلار تەرەپتە تۇرغانلىقتىن، ئۇلارغا چېقىلىشقا تېخىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان.

بۇ چاغدا بەي يەنخۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقان زوزۇڭتاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قۇمۇلغا يېقىنلاشقانلىق خەۋىرى تارقالغان. بەي يەنخۇ قۇمۇلدىن تۇرپانغا قاراپ قېچىش ۋاقتىدا قۇمۇل خەلقىگە: «سىلەر بىز بىلەن بىرلىشىپ چىڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىڭلار، كەينىمىزدىن نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن زوزۇڭتاڭ قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، بىز بۇ يەردىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ لاۋ پاشاغا (ياقۇپبەگكە) قوشۇلماقچىمىز سىلەرمۇ بىز بىلەن بىللە كېتىپ لاۋ پاشادىن پانالىق تىلەڭلەر، ئۇنداق قىلمىساڭلار زوزۇڭتاڭ ھەممىڭلارنى قىرىپ تۈگىتىدۇ» دەپ قۇمۇل خەلقىنى ئەندىشىگە سالغان. نەتىجىدە بەي يەنخۇ قۇمۇلدىن تۇرپانغا ماڭغىچە 20 مىڭدىن ئارتۇق قۇمۇل خەلقىنى، بەگ سىپاھلارنى ھەتتا مېھرىبانۇ ۋاڭ، غۇلام مۇھەممەتلەرنىمۇ مەجبۇر قىلىپ بىللە ئېلىپ ماڭغان. بىللە مېڭىشنى خالىمىغانلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بەي يەنخۇلار قېچىپ لىياۋدۇڭغا يېتىپ بارغاندا، زوزۇڭتاڭ ئەسكەرلىرى قوغلاپ بېرىپ غۇلام مۇھەممەت ۋاڭنى ئايرىپ قالغان. (يەنە بىر خىل رىۋايەتكە قارىغاندا غۇلام مۇھەممەت كېسەلمەن ئادەم بولغاچقا② ئۇنى ئانىسى يەتتە قۇدۇق دېگەن جايدىن قۇمۇلغا قايتۇرۇۋەتكەن) شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل شەھىرى ئادەمسىز قالغان.

قۇمۇلدىكى خانلىق ئەسكەرلىرى بىلەن مەنچىڭ ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى مېھرىبانۇ باشلىق قۇمۇل خەلقىنىڭ بەي يەنخۇلار بىلەن قۇمۇلدىن كەتكەنلىكىدىن رەنجىپ ۋاڭ ئوردىسى ۋە خەلقنىڭ ئۆي-باغلىرى، ئورمانلارغا ئوت قويغان، مال-مۈلكىنى تالىغان.

مېھرىبانۇ باشلىق قۇمۇل خەلقى كورلا، بۈگۈر، كۇچار، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سەرگەردان بولغان. مېھرىبانۇ بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن بۈگۈر، يېڭىسارda توختىغان.③ بەي يەنخۇلار كورلىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگدىن پانالىق تىلىگەن بەي يەنخۇدەك بىر كۈچنىڭ كېلىپ قوشۇلىشى ياقۇپبەگ ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ھېسابلىناتتى، ياقۇپبەگ كەلگۈسىدىكى زوزۇڭتاڭغا قارشى ئۇرۇشتا بەي يەنخۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىش مەقسىتى بىلەن بەي يەنخۇ

---

① قۇمۇل تارىخىدىن

② غۇلام مۇھەممەت تۇغما ئىككى كۆزى ئەما، قول پۇتلىرى جانسىز يېمىكى ساق ئەقلى ھۇشى جايىدا ئاۋازى يوغان داۋاملىق يىتىقتىكى ئادەم. بۇ كىشىنى ئۇيغۇرلار «ئاقخان چىڭۋاڭ» خەنزۇلار «تەنۋاڭ» دەيتى.

③ تارىخىي ئەسنىيە 20-، 22-، 294-بەت. ۋە قۇمۇل تارىخىدىن.

قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ھازىرچە ئاقسۇدا تۇرۇپ خىزمەت كۈتۈشكە بۇيرۇغان. 1875-يىل زوزۇڭتاڭ 40 مىڭ ئەسكەر بىلەن قومۇلغا چىقىپ دۇڭفۇشياڭ نامىدىكى قوماندانىنى بەييەنخۇلارنى قوغلاشقا ئەۋەتكەن. دۇڭفۇشياڭ كورلىغا يېقىنلاشقاندا خوتەننىڭ ھاكىمى نىياز ھېكىمبەگ دۇڭفۇشياڭ بىلەن مەخپى ئۇچرىشىپ، تارىختىن بۇيان خوتەن بەگلىكى غەزىنىسىگە توپلانغان ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى دۇڭفۇشياڭ ئارقىلىق زوزۇڭتاڭغا تەقدىم قىلغان ئۇنىڭ كەينىدىن ياقۇپبەگ تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلگەن ۋاڭلار، بەگلەرمۇ بىر-بىرلەپ ئىنتايىن مەخپىي ھالدا، دۇڭفۇشياڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، توپلىغان مۈلۈكلىرىنى زوزۇڭتاڭغا تەقدىم قىلىشقان، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ياقۇپبەگ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، زوزۇڭتاڭنىڭ ھىمايىسىدە ئۆزىنىڭ قولىدىن كەتكەن ئورۇن، ئۆز مەنسەپلىرىنى قايتا قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

1876-يىلى ياقۇپبەگ ئۆلدى. مەنچىڭ ئەسكەرلىرى زوزۇڭتاڭنىڭ «ئاۋال شىمالنى ئاندىن جەنۇبنى تىنچلاندۇرۇش» دېگەن پىلانىغا ئاساسەن ئۈچ ئاي ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى ياقۇپبەگ كۈچلىرىنى يوقۇتۇپ ئاندىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈپ باستۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان. دۇڭفۇشياڭ بەي يەنخۇنى قوغلاپ روسىيە چېگرىسىغا كىرگۈزۈۋەتكەن. ياقۇپبەگ كۈچلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ، 1878-يىلى يىل بېشىدا تامامەن يوقۇتۇلغان.①② شۇنىڭ بىلەن 12 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغان، زوزۇڭتاڭ قومۇلدا تۇرغان مەزگىلدە، غولام مۇھەممەت ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، قۇمۇلنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزگەن. زوزۇڭتاڭمۇ بۇ ئەھۋالنى چىڭ خانىغا مەلۇم قىلغان. 1877-يىلى زوزۇڭتاڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا يېتىپ بارغاندا ليۇجىنتاڭنىڭ قومۇللۇقلارنى يۇرتقا قايتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرىغان ۋە تۆت يۈز يەسەر كۈمۈش بەرگۈزگەن. بۇيرۇققا بىنائەن ليۇجىنتاڭ مېھربانۇ باشلىق جەنۇبىي شىنجاڭدا سەرگەردان تۇرمۇش كەچۈرگەن قومۇللۇقلارنى قومۇلغا كۆچۈرۈش خىزمىتىنى باشلىغان، بىر قىسىم كىشىلەر قومۇلغا قايتىپ كېلىشتىن باش تارتىپ، ئاقسۇ، كۇچار، بۈگۈر، كورلا قاتارلىق جايلاردا ئورۇنلىشىپ، قومۇللۇقلار مەھەللىلىرىنى تەشكىل قىلغان، مېھربانۇ قومۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، داۋاملىق قومۇل ۋاڭلىقىنى ۋاكالىتەن ئۈستىگە ئالغان، غولام مۇھەممەتنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ ئەھۋالنى چىڭ خانىغا مەلۇم قىلغان. خاندىن چۈشكەن: «قومۇل ۋاڭلىقىنى مېھربانۇ ئۈستىگە ئالسۇن» دېگەن بۇيرۇققا بىنائەن مېھربانۇ قومۇلنىڭ رەسمى

① تارىخى ئەمەنە 220-221-295-بەتلىرىگە قارالسۇن.
② ليۇجىنتاڭ-زوزۇڭتاڭنىڭ مۇئاۋىنى دۇڭفۇشياڭ زوزۇڭتاڭنىڭ قوماندانلىرىدىن.

ۋاڭى بولۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن.①

ياقۇپبەگ دەۋرىدە قۇمۇللۇق سوپۇرگە بەگ ۋە ئۇنىڭ ئايالى، يۈسۈپ پاكار
قاتارلىق كىشىلەر كۈچارغا بېرىپ مېھرىبانۇنى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئىزدەپ
بۇگۇر يېڭىساردىن تېپىپ، ئۇنىڭ كىيىم-كېچەك، تەئەللۇقاتىنى تارتىۋالغان جېنىغا
تەگىدىغان سۆزلەر بىلەن ئىنتىقام ئالغان. مېھرىبانۇ ۋاڭلىقى ئەسلىگە كەلگەندىن
كېيىن ليۇجىنتاڭغا مەلۇم قىلىپ بۇ ئۈچ كىشىنى قۇمۇلغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ
قىلغان. ليۇجىنتاڭمۇ مېھرىبانۇنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مەزكۇر ئۈچ كىشىنى تۆمۈر
قەپەزگە سولاپ قۇمۇلغا ئەۋەتىپ بەرگەن، مېھرىبانۇ قۇمۇل خەلقىنى «گۇەنتەڭزا»
دېگەن جايغا توپلاپ② سوپۇرگە غاز بەگنى دارغا ئېسىپ، توققۇز پىچاق ئۇراپ
ئۆلتۈرگەن. ئۇنىڭ ئايالى، يولدىشىغا توققۇز پىچاق ئۇرۇش جەريانىدىلا ھوشىدىن
كېتىپ ئۆلگەن، يۈسۈپ پاكار بىر پىچاقتىلا ئۆلگەن شۇنداق قىلىپ مېھرىبانۇ بۇ
ئۈچ كىشىدىن ئىنتىقام ئالغان. مانا بۇ قىرغىنچىلىق ۋەقەنى قۇمۇل خەلقى بەي
يەنخۇ يېغىلىقى دەپ ئاتىغان. بەي يەنخۇ يېغىلىقىدا قۇمۇل خەلقىنىڭ ئاشلىقى،
كىيىمى، ئۆيلىرىمۇ قالماي ئادەتتىن تاشقىرى گادايلىشىپ كەتكەن. قۇمۇلنىڭ سۇ
مەنبەلىرى ئازلاپ دەرەخ ئورمانلار قۇرۇپ، تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى ياۋايى چۆپ بېسىپ
كەتكەن. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن «دايۇەنشۇەي يېغىلىقى» بىلەن
مۇشۇ «بەي يەنخۇ يېغىلىقى»دىن ئىبارەت ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا قۇمۇلدا
ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئۆلگەن ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتىپ كەل-
مىگەن كىشىلەرنى ھېسابلىمىغاندا، قۇمۇلنىڭ 50% دىن كۆپرەك ئادىمى كېمىيىپ
كەتكەن بۇ قۇمۇل تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېچىنىشلىق ۋەقەلەردۇر، ئۇرۇش
جەريانىدا قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئوردىسى تۈپ-تۈز قىلىۋېتىلگەن بۇ ئەھۋالغا
ئاساسەن قۇمۇلنى قايتىدىن قۇرۇش، تەشكىللەشتىن ئىبارەت، ئېغىر ۋەزىپىنى
مېھرىبانۇ باش بولۇپ قول سېلىپ ئىشلىگەن.③ ئۇ ئالدى بىلەن خەلقنى يېمەك
ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، ئۆي قاتارلىق ئۈچ جەھەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، چىڭ
خاندانلىقىدىن ئىقتىسادىي ياردەم تەلەپ قىلغان، ھۆكۈمەت ياردىمى يېتىپ كەل-
گەندىن كېيىن خەلقنى ئاچلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم، ھارۋا تۆگە
تەييارلاپ گۇچېڭ، تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىن ئاشلىق يۆتكەپ
كېلىپ، خەلقنى يېمەكلىككە ئۈلەشتۈرگەن، ئاندىن كىيىم-كېچەك، ۋاقىتلىق تۇرار
جاي مەسىلىسىنى ھەل قىلغان، بۇ بىر قاتار خىزمەتلەردىن كېيىن خەلقنى

① قۇمۇل تارىخى

② گۇەنتەڭزا—خەنزۇچە قويۇلغان جاي ئىسمى. قۇمۇل ئۇيغۇر شەھىرىنىڭ بىر كىلومېتىر غەربىدە، بۇ جاي ئە-
مەلدارلارنى قارشى ئالىدىغان، ئۇزىتىپ قويىدىغان جاي بولغاچ شۇنداق ئاتالغان.

③ قۇمۇل تارىخى.

دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا تەشكىللەپ، ھارۋا، ساپان، كەتمەن-گۈرجەك، ئات-كالا ۋە ئۇرۇقلۇق ئاشلىق قاتارلىقلارنى تەييارلاپ، ھەر بىر ئائىلىگە مۇۋاپىق تارقىتىپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل خەلقى قايتا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن.

دايۇەنشۇەي يېغىلىقى، بەي يەنخۇ يېغىلىقىدىن كېيىن تارقالغان يۇقۇملۇق كېسەل، ئاچارچىلىق، سوقۇشتا ئۆلگەن كىشىلەر بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتىپ كەلمىگەن كىشىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن ئىگىسىز مىڭ دادەنلىك (10 مىڭ مو) تېرىلغۇ يەر تىزدىنغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ۋاڭ ئوردىسى يېنىدا «گادايلار سېپى»① (كەمبەغەللەر ئاشلىق ئامبىرى)نى تەشكىل قىلىپ، مەزكۇر 10 مىڭ مو يەردىن كىرىم قىلىنغان ئاشلىقنى، «گاداي سېپى»غا كىرگۈزگەن، ئۇنىڭ كىرىمىنى باشقۇرۇشقا، مەخسۇس ساڭ بېگى قويۇلغان. ئۇنىڭ قول ئاستىدا «سېدىر»لار② تەيىنلەنگەن، ئۇلار گاداي سېپى يەرلىرىنى تېرىتىش، ئاشلىقنى گاداي سېپىغا كىرىم قىلىش، ئاشلىقنى ئاممىغا تارقىتىپ بېرىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

دەسلەپكى يىللىرى سېدىرلار گاداي سېپىغا كىرگۈزۈلگەن ئاشلىقتىن ھەر كۈنىگە مىڭلىغان نانلارنى ياقتۇرۇپ، شەھەر ئىچىدىن يېزىغا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ماڭغان دېھقانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىغا تارقىتىپ بەرگەن. بۇ ئىش ئۈچ تۆت يىل داۋام قىلغان، خەلقنىڭ ئەھۋالى سەل ياخشىلانغاندىن كېيىن، گادايلار سېپىنىڭ ئاشلىقىنى ئومۇمغا تەڭ تارقىتىپ بېرىشتىن توختۇتۇپ، ئەمگەك كۈچى يوق قېرىلار، مېيىپلار، تۇل خوتۇن، يېتىم-يېسىرلار، غېرىپ-مۇساپىرلارغا تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزغان، تۇرمۇشىغا ياردەم بەرگەن. قۇمۇل خەلقىنىڭ تېزراق ئەسلىگە كېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، قۇمۇل خەلقى ئۈستىدىن 10 يىلغىچە ئالۋاڭ-سېلىقنى بىكار قىلىش توغرۇلۇق مېھرىبانۇ چىڭ خانىغا ئىلتىماس قىلغان. خانلىقتىن ئەستىق جاۋاپ كەلگەندىن كېيىن، قۇمۇل خەلقى ئون يىلغىچە ھۆكۈمەتكە ئالۋاڭ - سېلىق تۆلىمىگەن.

بۇ مەزگىلدە مېھرىبانۇ داۋاملىق تۇردە ئېتىز ئېرىقلارنى تەكشۈرۈپ، تېرىماي ئاق تاشلىۋەتكەن يەرلەرنىڭ ئىگىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ۋاقتىدا تېرىشقا ھەيدەكچىلىك قىلغان، ئورما-خامان ۋاقىتلىرىدا، ئېتىز، خامانلارغا بېرىپ دېھقانلارنى ۋاقتىدا زىرائەتلەرنى ئوروپ، يىغىۋېلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلغان، ئۇ دائىم دېھقانلار ئارىسىغا بارغاندا، يېشىل كۆينەك كىيىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنىڭ قارىسىنى يىراقتىن كۆرۈپلا «يېشىل كۆينەك خېنىم كېلىۋاتىدۇ» دەيدىغان بولۇپ قالغان،

① گاداي سېپىنىڭ كىرىمى 1929-يىلغىچە يۇقىرىقى تەرتىپتە باشقۇرۇلغان، 1930-يىلدىكى قوزغىلاڭدىن كېيىن شىڭ شىسەي دەۋرىدە گاداي سېپى ئاشلىقى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا كىرىم قىلىپ مەكتەپلەرگە سەرىپ قىلىنغان.

② سېدىر-ۋەقپى-ئاۋقاپلارنى-جامائەت يەر مۈلۈكلىرىنى باشقۇرغۇچى كىشى

مېھرىبانۇ داۋاملىق قىيىنچىلىقى بارنامرات ئائىلىلەرگە كۆپرەك بېرىپ، ھال سوراپ
ياردەم بەرگۈزۈپ، قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ تۇرغان، خەلققە زورلۇق، زۇلۇم قىلغان
زالىم ئەمەلدارلارنى جازالىغان. ئۇ، قۇمۇلنىڭ ۋەيرانە ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
ئۈچۈن، قۇمۇلنىڭ سۇ مەنبەلىرىنى رېمونت قىلىپ، ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن.
يەنى بۇلاق، قىرىم-ئۆستەڭلەرنى چاپتۇرۇپ سۇنى كۆپەيتكەن. ئىقتىسادى ياخشى-
لانغان كىشىلەرنى كارىز چېپىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، يېڭى كارىزلارنى بارلىققا كەل-
تۈرگەن. بۇ بىر قاتار تەدبىرلەردىن كېيىن خەلق تۇرمۇشى تەدرىجى ھالدا ئەسلىگە
كېلىپ، ياخشىلىنىشقا باشلىغان.

مېھرىبانۇ ۋاڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ۋاڭلارغا ئوخشاش خەلققە
قاتتىق مۇئامىلىدە بولماي ئەكسىچە ئاما مەنپەئەتكە پايدىلىق شۇنچە كۆپ ئىش-
لارنى قىلالىغان؟ ئەينى دەۋردە قۇمۇلدا «دايۇەنشۇەي يېغىلىقى»، «بەي يەنخۇ يېغىلىقى»
دىن ئىبارەت ئىككى قېتىملىق زور ۋەقە يۈز بېرىپ، قۇمۇل مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە
ۋەيرانچىلىققا، خەلقى ئادەتتىن تاشقىرى نامراتلارغا ئايلىنىپ كەتكەن. خەلقتە زۇلۇم
كۆتەرگىدەك مادار قالمىغان ئىدى. مېھرىبانۇ، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قالغان
يۇرت ۋە پۇقراغا قانداق ۋاكىلىق قىلالىسۇن، ئۇ قۇمۇلنىڭ ۋاقىتلىق تەختىدە ئول-
تۇرۇش ئۈچۈن، مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان ئىقتىسادى ئاساسقا
ئىگە، ۋاكىلىق ئۈچۈن پۇقرالىق قىلالايدىغان، ۋاكىلىق غەزىنىسى ئۈچۈن بەلگۈلۈك
مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان خەلق كېرەك ئىدى. شۇڭا مېھرىبانۇ ئالدى بىلەن قۇمۇل
خەلقىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئەھۋالىنى ياخشىلاشنى زۆرۈر بىلىپ يۇقىرىقى بىر قاتار
چارە تەدبىرلەرنى قوللانغان.

مېھرىبانۇ قۇمۇلنىڭ باشقا ۋاڭلىرىنىڭ ئەكسىچە قۇمۇل خەلقى بىلەن ياخشى
مۇئامىلىدە بولغان، ئىمكان قەدەر خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىش تەرىپىدە
بولغان. ئۇ قۇمۇلنىڭ ئىلىم-مەرىپەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مەكتەپ مەدرىس-
لەرنىڭ ئوقۇش ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئالىملارغا ھۆرمەت قىلغان، مەدرىس-
لەرگە ئوردا كىتابخانىسىغا يېڭى-يېڭى كىتابلارنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ۋەقپى قىلغان،
ئالتۇنلۇقتىكى چىنا گۈمبەزنىڭ چالىسىنى ئىشلەپ پۈتتۈرگەن.

مېھرىبانۇ ۋاڭ ئاخىرقى مەزگىللەردە ھاكىمىيەتنى كىمگە قالدۇرۇش مەسىلىسى
ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرغان. چۈنكى بېشىر ۋاڭنىڭ غۇلام مۇھەممەتتىن باشقا ئوغۇل
ئەۋلادى يوق، ئىككى قىزى بولۇپ ئۇلارنىڭ چوڭى ۋاپات بولغان، كىچىك قىزى
بويىغا يېتىپ قالغان. بۇ قىزنى بېشىر ۋاڭنىڭ تەيجىسى ھەم يېقىن تۇققىنى
تاجىدىن تەيجىنىڭ ئوغلى مەقسۇتبەگكە ياتلىق قىلىپ، ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋال-
غانىدى. مېھرىبانۇ كۈيئوغۇلى مەقسۇتبەگنى ئوردىنىڭ تامغا بەگلىكىگە تەيىنلەپ

(ئاخىرى 98 - بەتتە)

# ھىجرىيە كالېندارىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ھېسابلاش ئۇسۇلى

ئابدۇقادىر ھاجى ياقۇبى

«ھىجرىيە يىل ھېسابى» VII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ، دەسلەپ ئەرەپلەردە، كېيىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دولەت ۋە رايونلاردىكى خەلقلەر قوللىنىپ كېلىۋاتقان كالېندار. ئۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇقەددەس مەككە شەھىرىدىن — مەدىنىگە ھىجرت كۆچۈش قىلغان ۋاقتىنى يىل ھېسابلاشنىڭ باشلىنىش نوقتىسى قىلىدۇ.

شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن يېزىلغان كۆپلىگەن دىنىي، ئەدەبىي ئەسەرلەر، خەت - چەك، ئالاقە ھۆججەتلەر، تارىخىي ۋەقەلىكلەرنىڭ ھەممىسى ھىجرىيە كالېندارى بىلەن خاتىرىلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى خاتاسىز، توغرا ئىگەللەشتە ھىجرىيە كالېندارىغا ئائىت بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ۋە ھېسابلاش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەرەپ تىلىدىكى «ھىجرەت، ھىجرىيە» سۆزلىرى ئۇيغۇر تىلىدا «كۆچۈش»، «كۆچمەك» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەپلەر ھىجرىيە كالېندارىنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشتىن ئىلگىرى بىر مەزگىل مىلادىيە كالېندارىنىمۇ قوللانغانىدى. شۇنىڭدەك شۇ دەۋرىدىكى يەمەن پادىشاسى ئەبرەھەنىڭ 500 كىشىلىك پىل مىنگەن قوشۇن بىلەن مەككە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان تارىخىي ۋەقە يەنى «بۈيۈك پىل ۋەقەسى» نىمۇ يىل ھېسابلاشنىڭ باشلىنىش نوقتىسى قىلغان ئىدى. پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا ھىجرىيە يىلىنى قوللىنىش باشلاندى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم يىل تارىخىغا ئايلاندى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئىسلام دىنىنى ئون ئىككى يىل تەرغىپ قىلدى. ئون ئۈچىنچى يىلىغا قەدەم قويغان مىلادىيە كالېندارى بويىچە 622 - يىلى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، يەنى رەبىيەل ئەۋۋەلنىڭ 12 - كۈنى، مەككە شەھىرىدىن مەدىنە شەھىرىگە كۆچتى ۋە ئىسلام دىنىنى راۋاجلاندۇردى.

مەھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىيە 632 - يىلى يەنى ھىجرەتنىڭ 10 - يىلى

مەدىنىدە ۋاپات بولدى. ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ 2-خەلىپە ئۆمەر پارۇقنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ، ئىسلامىيەت ئۈچۈن ئايرىم بىر يىلنامە بەلگىلەش مەقسىتىدە بىر مۇنچە كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بىر ھەيئەتلەر يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا ئۇ، ئىسلام دىنىنىڭ بىر تارىخىي يىلنامىسى بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى شەرھلەپ ئۆتكەندىن كېيىن كۆپچىلىكنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويدى. يىغىندا بەزىلەر «قۇرئاننىڭ نازىل بولغان ۋاقتىنى يىل ھېسابلاشنىڭ بېشى قىلىش دېگەننى ئوتتۇرىغا قويسا، بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى، بەزىلەر ۋاپات بولغان كۈنىنى يىل ھىسابلاشنىڭ بېشى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىردا بولغۇسى 4-خەلىپە ئەلى بىنى ئەبۇ تالىپ «مەككىدىن - مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئىسلام دىنى تارىخىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى، شۇڭا ھىجرەتنى ئىسلام دىنى يىل ھېسابلاشنىڭ باشلىنىش نوقتىسى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ پىكرىگە كۆپچىلىك قوشۇلدى. ھىجرەت قىلغان ۋاقىت مىلادىيە 622-يىلى 3-ئاي 12-كۈنى (رەبىيەل ئەۋۋەلنىڭ 12-كۈنى) ئىدى. لېكىن ئەرەپلەرنىڭ كونا كالىندارى بويىچە يىل بېشى بىرىنچى ئاي «موھەررەم» ئىدى. شۇڭا 71 كۈن ئالدىغا سۈرۈپ (3-ئاينى 1-ئايغا كەلتۈرۈپ) موھەررەم ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنىنى (622-يىلى 1-ئاي 1-كۈنىنى) ھىجرىيە يىل ھېسابلاشنىڭ بىرىنچى كۈنى قىلدى. يىغىن قارارى بويىچە بىردەك ئىجرا قىلدى. ئەرەپلەردە ئىلمىي نوجۇم (ئاسترونومىيە) ماتېماتىكا راۋاجلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ۋاقىتنى توغرا ھېسابلاشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن يىل، ئاي، كۈنلەرگە ئايرىم - ئايرىم شەرتلىك رەقەم، بەلگىلەر قويۇش ئارقىلىق، قائىدىلىك ھېسابلاش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئالدى بىلەن ئەرەپ ئېلىپبەسىدىكى 28 ھەرپنى ئۆلچەملىك «ابجد» (ئەبجەت) تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ ھەر بىرىگە مەلۇم سان بەلگىلەپ چېقىتى ۋە سەككىز گۇرۇپپىغا بۆلدى. ئۇلار: ابجد ھۆز ھى كلمن سعف

(ھازىرقى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە ئوقۇلۇشى: ئەبجەد، ھەۋۋەز، ھۇتتى، كەلىمەن، سەئفەس، قۇرشەت، سەخخەز زەزەغ (əbjəd‘ hərrəz‘ hutti‘ kəlimən‘ Sə‘pəs ‘Kurxət, səhhəz, zəzəq) يۇقىرىدىكى ئەسلى تېكىست بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى ھەرپلەرگە ئوقۇلۇش تەرتىپى بويىچە 1، 2، 3، 4 رەقەملەر، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى ھەرپلەرگە ئوقۇلۇش تەرتىپى بويىچە، 5، 6، 7 رەقەملەر، ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكى ھەرپلەرگە ئوقۇلۇش تەرتىپى بويىچە 8، 9، 10 رەقەملەر، تۆتىنچى گۇرۇپپىدىكى ھەرپلەرگە ئوقۇلۇش تەرتىپى بويىچە 20، 30، 40، 50 رەقەملەر، بەشىنچى گۇرۇپپىدىكى ھەرپلەرگە ئوقۇلۇش تەرتىپى بويىچە 60، 70، 80، 90 رەقەملەر، ئالتىنچى گۇرۇپپىدىكى ھەرپلەرگە ئوقۇلۇش تەرتىپى بويىچە 100، 200، 300، 400 رەقەملەر، يەتتىنچى گۇرۇپپىدىكى ھەرپلەرگە ئوقۇلۇش تەرتىپى بويىچە 500، 600، 700 رەقەملەر، سەككىزىنچى گۇرۇپپىدىكى

ھەرپلەرگە ئۇقۇلۇش تەرتىپى بويىچە 800، 900، 1000 رەقەملەر بېرىلگەن ئىدى. ئۇلار ئەرەپ ئاسترونومىيىلىك ھېسابلاش جەدۋىلىدە «ابجد» (ئەبجەت) ھېسابى دېيىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرەپ ئېلىپبە تەرتىپىدىكى 8 ھەرپ (ا، ھ، ج، ز، ب، و، د) لارنى تاللىۋېلىپ ئۇلارنى قوشۇپ ئۇقىغاندا «اھجزد بور» (ھازىرقى ئۇيغۇر ئېملاسى بىلەن ئوقىغاندا «ئەھجەز دەبۇد») بولىدۇ، بۇ ھەرپلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئۆزىنىڭ تەرتىپى بويىچە ئەسلى «ابجد» ھېسابىدىكى رەقەملەر بەلگىلەنگەن مەسىلەن: ا (ئەلىپ) بىر، ھ (ھە) 5، ج (جىم) 3، ز (زى) 7، د (دال) 4، ب (بە) 2، و (ۋاۋ) 6 قاتارلىق.

يۇقىرىدىكىلەر ئەرەپ ئاسترونومىيىسىدە «يىل ھەرپى ۋە رەقىمى» يەنى ئەھجەز دەبود» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئەرەپلەرنىڭ كونا كالىندارىدا بىر يىلنىڭ 12 ئېيى ئۈچۈنمۇ ھەر بىرىگە ئايرىم-ئايرىم شەرتلىك ھەرپ ۋە رەقەملەر بەلگىلەنگەن، بۇ خىل ئاي ھەرپلىرى ئون ئىككى بولۇپ ئۇلار ز، ب، ج، ھ، و، ا،ب، د، ھ، ز، ا، ج-لاردىن ئىبارەت،ئۇلارنى ئۆز تەرتىپى بويىچە قوشۇپ ئوقىغاندا «زبج هوا بد، هزاج» (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بويىچە تەلەپپۇز قىلغاندا «زەبەج، ھەۋابەد، ھىزاج) بولىدۇ. يۇقىرىدىكى 12 ھەرپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىنىپ 12 ئايغا شەرتلىك بەلگە قىلىپ ئېلىنغان. شۇڭا بىرىنچى ھەرپ «ز»، قەمەرىيە بىرىنچى ئاي موھەررەمنى كۆرسەتسە، ئىككىنچى ھەرپ «ب» ئىككىنچى ئاي «سەپەر» نى، ئۈچىنچى ھەرپ «ج» 3 - ئاي رەبىيەل ئەۋۋەلنى كۆرسىتىدۇ، ئاخىرى شۇ تەرتىپتە داۋاملىشىدۇ، ئېنىقراق چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى جەدۋەل ئارقىلىق كۆرسىتىمىز.

ھىجرىيە يىلىنىڭ ئايلار ئىسىملىرى ۋە شەرتلىك ھەرپ ۋە رەقەملىرى.

| ئايلار ئىسمى | شەرتلىك ھەرپلەر | شەرتلىك رەقەملەر |
|---|---|---|
| 1. ئەلمۇھەررەم | ز | 7 |
| 2. سەپەر | ب | 2 |
| 3. رەببىيەل ئەۋۋەل | ج | 3 |
| 4. رەببىيەل ئاخىر | ھ | 5 |
| 5. جامادىيەل ئەۋۋەل | و | 6 |
| 6. جامادىيەل ئاخىر | ا (ئەلىپ) | 1 |
| 7. رەجەپ | ب | 2 |
| 8. شەئبان | د | 4 |
| 9. رامىزان | ھ | 5 |
| 10. شەۋۋال | ژ | 7 |
| 11. زۇلقەئىدە | ا (ئەلىپ) | 1 |
| 12. زولھىججە | ج | 3 |

## كۈنلەرنىڭ ئىسمى ۋە رەقەملىرى

| كۈنلەر ئىسمى | رەقەملىرى | كۈنلەر ئىسمى | رەقەملىرى |
|---|---|---|---|
| يەكشەنبە | 1 | پەنجەشەنبە | 5 |
| دۈشەنبە | 2 | جۈمە | 6 |
| سەيشەنبە | 3 | شەنبە | 7 |
| چارشەنبە | 4 | | |

ھېسابلاش ئۇسۇللىرى:

يۇقىرىدىكى يىل، ئاي، كۈنلەرگە بېرىلگەن شەرتلىك ھەرپ، شەرتلىك رەقەملەرگە ئاساسلىنىپ مۇنداق بىر ھېسابلاش قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلغان. مەسىلەن، ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىنى تېپىش ئۈچۈن ئىزدەلگەن ھىجرىيە يىلىنى 8 رەقەمگە بۆلگەن. ئېشىپ قالغان كەسىرسان، يىل ھەرپى «ئەھەجەز دەبود» (اهجز دبود) نىڭ رەت تەرتىپىنى كۆرسىتىدۇ، مۇشۇ كەسىرسان ئارقىلىق تېپىلغان يىل ھەرپى ۋە ئۇنىڭ رەقىمى بىلەن ئاي ھەرپىنىڭ رەقىمىنى ئۆزئارا قوشقاندا ھاسىل بولغان يىغىندى ساندىن ھەپتىنىڭ كۈن سانى 7 نى ئېلىۋەتكەندە كېلىپ چىققان قالدۇق سان شۇ ئاينىڭ 1 - كۈنىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن ھىجرىيە 1404 - يىل (مىلادىيە 1983 - يىل) نىڭ 1 - ئېيى بولغان مۇھەررەمنىڭ 1 - كۈنىنى بىلىش ئۈچۈن 1404 - يىلنى 8 گە بۆلگەندە، كەسىرسان 4 قالىدۇ. مۇشۇ كەسىرسان 4، يىل ھەرپىدىكى «اهجز» نىڭ تۆتىنچى ھەرپى «ز» نى كۆرسىتىدۇ، «ز» ھەرپىنىڭ شەرتلىك رەقىمى 7 دىدى، شۇنداق ئىكەن يىل ھەرپىدىكى «ز» نىڭ 7 رەقىمى بىلەن ئاي ھەرپىدىكى «ز» نىڭ 7 رەقىمىنى قوشقاندا 14 بولىدۇ. مۇشۇ 14 تىن ھەپتىنىڭ كۈنلەر سانى 7 نى ئېلىۋەتكەندە، 7 قالىدۇ، مۇشۇ قالدۇق 7، بۇ ھەپتىنىڭ شەنبە 7 - كۈنىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك مۇھەررەم ئېيىنىڭ 1 - كۈنى شەنبە بولىدۇ.

2 - مىسال: ھىجرى 1404 (مىلادىيە 1983 ) - يىلى رامازان ئېيىنىڭ 1 - كۈنىنى تاپماقچى بولغاندا، تۆۋەندىكىچە ھېسابلاشقا بولىدۇ: 1404 نى 8 گە بۆلسەك كەسىر سان 4 قالىدۇ. كەسىر سان 4، يىلنىڭ 4 - ھەرپى «ز» نى كۆرسىتىدۇ، «ز» نىڭ رەقىمى 7 بولۇپ، رامازان ئېيىنىڭ شەرتلىك ھەرپى «ھ»، نىڭ رەقىمى 5 بىلەن ئۆزئارا قوشقاندا 12 سان كېلىپ چىقىدۇ، مۇشۇ 12 ساندىن ھەپتىنىڭ كۈنلەر سانى 7 نى ئېلىۋەتسەك 5 سانى قالىدۇ، مۇشۇ 5 رەقىمى پەيشەنبە كۈنىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك ھىجرىيە 1404 - يىلى رامازاننىڭ 1 - كۈنى پەيشەنبە بولىدۇ.

پورمۇلاغا سالساق $1404 : 12 = 175\ (4)$

$7 + 5 = 12$

$12 - 7 = 5$ بەشىنچى كۈنى پەيشەنبە

دېمەك 1404 - يىل رامازان ئېيىنىڭ 1 - كۈنى پەيشەنبە چىققىدۇ. بۇ ئەرەب- دىكىلەر، ئەرەپ كالىندارىدا «ئەھجەز دەبود» ھېسابلاش ئۇسۇلى ۋە «ئەجەد» ھېسابى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. تۆۋەندە ھىجرىيە 1393 - يىلدىن 1416 - يىلغىچە بولغان ھەر قايسى ئاي كۈنلەرنى جەدۋەل ئارقىلىق كۆرسىتىمىز.

## اھجز دبود ھېسابى

| ئاي ھەرپلىرى | يىل ھەرپلىرى / يىللار / ئايلار | | ا | ھ | ج | ز | د | ب | و | د |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1393 | 1394 | 1395 | 1396 | 1397 | 1398 | 1399 | 1400 |
| | | | 1401 | 1402 | 1403 | 1404 | 1405 | 1406 | 1407 | 1408 |
| | | | 1409 | 1410 | 1411 | 1412 | 1413 | 1414 | 1415 | 1416 |
| ز | ئەلموھەررەم | 30 | يەكشەنبە | سەيشەنبە | شەنبە | پەيشەنبە | چارشەنبە | دۈشەنبە | جۈمە | چارشەنبە |
| ب | سەپەر | 29 | سەيشەنبە | شەنبە | پەيشەنبە | دۈشەنبە | جۈمە | چارشەنبە | يەكشەنبە | جۈمە |
| ج | رەبىئۇل ئەۋۋەل | 30 | چارشەنبە | يەكشەنبە | جۈمە | سەيشەنبە | شەنبە | پەيشەنبە | چارشەنبە | دۈشەنبە |
| ھ | رەبىئۇل سانى | 29 | جۈمە | سەيشەنبە | يەكشەنبە | پەيشەنبە | دۈشەنبە | شەنبە | چارشەنبە | دۈشەنبە |
| و | جامادىيەل ئەۋۋەل | 30 | شەنبە | چارشەنبە | دۈشەنبە | جۈمە | سەيشەنبە | يەكشەنبە | پەيشەنبە | سەيشەنبە |
| ا | جامادىيەل ئاخىر | 29 | دۈشەنبە | جۈمە | چارشەنبە | يەكشەنبە | پەيشەنبە | سەيشەنبە | شەنبە | پەيشەنبە |
| ب | رەجەپ | 30 | سەيشەنبە | شەنبە | پەيشەنبە | دۈشەنبە | جۈمە | چارشەنبە | يەكشەنبە | جۈمە |
| د | شەئبان | 29 | پەيشەنبە | دۈشەنبە | شەنبە | چارشەنبە | يەكشەنبە | جۈمە | سەيشەنبە | يەكشەنبە |
| ھ | رامازان | 30 | جۈمە | سەيشەنبە | يەكشەنبە | پەيشەنبە | دۈشەنبە | شەنبە | چارشەنبە | دۈشەنبە |
| ز | شەۋۋال | 29 | يەكشەنبە | پەيشەنبە | سەيشەنبە | شەنبە | چارشەنبە | دۈشەنبە | جۈمە | چارشەنبە |
| ا | زۇلقەئدە | 30 | دۈشەنبە | جۈمە | چارشەنبە | يەكشەنبە | پەيشەنبە | سەيشەنبە | شەنبە | پەيشەنبە |
| ج | زۇلھەججە | 29 | چارشەنبە | يەكشەنبە | جۈمە | سەيشەنبە | شەنبە | پەيشەنبە | دۈشەنبە | شەنبە |

× × ×

ھىجرىيە كالېندارى ئاينىڭ يەر شارى ئەتراپىدا ئايلىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغان. شۇڭا ئۇ «قەمەرىيە» كالېندارى دېيىلىدۇ. مىلادىيە كالېندارى بولسا، يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىنى ئايلىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغان. شۇڭا ئۇ «شەمسىيە» دېيىلىدۇ.

ھىجرىيە يەنى قەمەرىيە كالېندارى بويىچە ئاي يەر شارى ئەتراپىنى 29 كۈن 6 سائەتتە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ، چارەك كۈنلەردىن 12 نى 6 كۈن ھېسابلاپ 6 ئايغا قوشقاندا، بىر يىلنىڭ 6 ئېيى 30 كۈن-دىن، 6 ئېيى 29 كۈندىن بولىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. مۇشۇ قائىدە بويىچە مۇھەررەم، رەبىئۇسسانى، جامادىيەل، ئەۋۋەل، رەجەپ، زۇلقەئىدە ئايلىرىنى 30 كۈندىن سەپەر، رەبىيەل ئاخىر، جامادىيەل ئاخىر، شەئبان، شەۋۋال، زۇلھەججە ئايلىرىنى 29 كۈندىن ھېسابلىغان. ئايلارنىڭ مۇشۇنداق ھېسابى بويىچە بىر يىل 354 كۈن بولۇپ، تۆت يىلدا بىر قېتىم 355 كۈن بولىدۇ. بۇ يىلنى «كەبىسە» يىلى دەپ ئاتايدۇ. «كەبىسە» يىلدا زۇلھەججە ئېيى 30 كۈن ھېسابلىنىدۇ.

مىلادىيە كالېندارى يەر شارىنىڭ كۈن ئەتراپىنى ئايلىنىشىغا ئاساسلانغان. يەر شارى قۇياش ئەتراپىنى 365 كۈن 6 سائەتتە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ. 4-يىلى 366 كۈن بولىدۇ. بۇ يىلدا فېۋرال (2-ئاي) 29 كۈن بولۇپ تولۇق ھېسابلىنىدۇ، بۇ يىل «كەبىسە» يىلى دېيىلىدۇ. مىلادىيە بىلەن ھىجرىيە يىلى ئارىسىدا 11 كۈن پەرق بار. يەنى ھىجرىيە بىر يىلدا 11 كۈن كەم چىقىدۇ. شۇڭا بۇ كالېندار يەرنىڭ پەسلىگە توغرا كەلمەي قالغاچقا، ھەر يىلى 11 كۈن ئالدىغا سۈرۈلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن مىلادىيە 33 يىل بولغاندا ھىجرىيە 34 يىل بولىدۇ. مىلادىيە 99 يىل بولغاندا، ھىجرىيە 102 يىل بولىدۇ.

× × ×

تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس كالېندارى ۋە ھېسابلاش ئۇسۇلى بولغان. ئۇيغۇر كالېندارىدا 12 يىلنى بىر مۆچەل قىلىپ، ھەر يىلغا بىر ھايۋاننىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويغان، ئۇيغۇر خەلقىدىكى «مۆچەل» قەدىمدىن بۇيان زور ۋەقەلەرنىڭ يىل تارىخى، ھادىسىلەرنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى، ئالاقە ھۆججەت، كىتاب، خاتىرىلەرنىڭ يېزىلغان يىلى، كىشىلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى قاتارلىقلارنى ھېسابلاشتا «مۆچەل» ئارقىلىق ھېسابلاپ كەلگەن ئىدى. مۆچەل 12 يىلدا بىر دەۋر قىلىدۇ. ھەر يىلغا بىر خىل ھايۋاننىڭ نامى ۋەكىللىك قىلىدۇ. مۆچەلنىڭ بېشى چاشقاندىن باشلىنىپ «چاشقان، كالا، يولۋاس، توشقان، بېلىق، ئىلان، ئات، قوي، مايمۇن، توخۇ، ئىت، توڭگۇز» لاردىن ئىبارەت مۇقىم رەت تەرتىپىدە كېلىدۇ. مۆچەل ھېسابلاشنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بار. قەدىمكى ئۇيغۇر

كالىندارىدا ئايلار تۆۋەندىكىچە كېلىدۇ:

ھەمەل (31 كۈن)، سەۋر (31 كۈن)، جەۋزا (32 كۈن)، سەرتان (31 كۈن)، ئەسەد (31 كۈن)، سۇمبۇل (31 كۈن)، مىزان (30 كۈن)، ئەقرەپ (30 كۈن)، قەۋس (29 كۈن)، جەددى (29 كۈن)، دەلۋى (30 كۈن)، ھود (30 كۈن)، بولىدۇ. بۇنىڭدا بىر يىل 365 كۈن بولۇپ 4 يىلدا 366 كۈن بولىدۇ، يىل بېشى ھەمەل بولۇپ ھەمەلنىڭ 1 - كۈنى مىلادىيە مارت ئېيىنىڭ 22 - كۈنى بەزىدە 23 - كۈنىدىن باشلىنىدۇ.

يۇقىرىدا ھىجرىيە كالىندارى ۋە ئۇيغۇر موچەللىرى ھەققىدەقىسقىچە چۈشەندۈرمىنى قويۇپ ئۆتتۇم، خاتالىق بولسا كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(بېشى 91 - بەتتە)

ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى تىكلىگەن. ئاندىن مەقسۇتبەگنى ئۆزىنىڭ ۋارىسى ھەم ئىز باسارى قىلىش قارارىغا كېلىپ، ئۆز نامىدىن گۇاڭشۈي خانىغا: «ياشىنىپ قالدىم، قۇمۇل ۋاڭلىق ھاكىمىيىتىگە كۈيئوغۇلۇم مەقسۇتبەگ ۋارىسلىق قىلسا، ھازىرچە مۇئاۋىن ۋاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ تۇرسا» دەپ ئىلتىماس سۇنغان. خاندىن چىققان تەستىق يارلىقتا «مەقسۇتبەگ قۇمۇل ۋاڭلىقىغا، مېھرىبانۇ مائاۋىن ۋاڭلىققا تەيىنلەنسۇن» دېيىلگەن.① بۇ مېھرىبانۇ ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن زەربە بولغان، بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە بۇ ئىشنى مەقسۇتبەگ ئۆزىنىڭ تامغا بەگلىك ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئوينىغان ئويىنى بولۇپ چىققان. مېھرىبانۇ بۇ ئىشقا قاتتىق رەنجىگەن، ئۇ قۇمۇل ۋاڭلىقىنى مەقسۇتبەگكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن يەنە بىر مەزگىل ئۆمۈر كۆرۈپ كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغان.

---

① قۇمۇل تارىخى.

# ئۇيغۇر تىلىدىكى يۈكلىمىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە رولى توغرىسىدا

ئامىنە لېتىپ

ئۇيغۇر تىلىغا دائىر ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان دەرسلىك ۋە ئەسەرلەردە يۈكلىمىلەر بىر سۆز تۈركۈمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ تەتقىق قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر تىلىغا دائىر لۇغەتلەردە يۈكلىمىلەر سۆزلەر تەركىبىدىن چىقىرىۋېتىلگەن. يۈكلىمىلەر تىلىمىزدا سانىنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي ئىشلىتىلىش چاستوتىسى ئىنتايىن يۇقىرى، بولۇپمۇ ئېغىز تىلى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى تېخىمۇ يۇقىرى. مەسىلەن، «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» دېگەن ئەسەرنىڭ 6-بېتىدىن 9-بېتىگىچە بولغان تۆت بەتتە «ئا، دە، لا، مۇ، دۇ، غۇ، چۇ» قاتارلىق يەتتە يۈكلىمە 19 ئورۇندا ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە باشقا سۆزلەردىن خالىغان بىر سۆزنى ئالغاندا، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى بۇنداق يۇقىرى ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىنىڭ ئۆزى ئۇيغۇر تىلىدا يۈكلىمىلەر تەتقىقاتىغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

يۈكلىمىلەر سۆز ئەمەس، قوشۇمچىمۇ ئەمەس، ئۇ سۆز ياردەمچىسى. يۈكلىمىلەرنىڭ سۆز ياردەمچىلىك خاراكتېرى كونكرېت جۈملىدە روشەنلىشىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا «مۇ، چۇ، غۇ، لا، دە، ھە، زە، يۇ، ئا، دۇ، تاڭ، جۇمۇ» قاتارلىق يۈكلىمىلەر بار. بىز بۇ يۈكلىمىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە رولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، بۇ يۈكلىمىلەر ئۈستىدە ئايرىم-ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. «مۇ (سا،م)» يۈكلىمىسى:

«مۇ» يۈكلىمىسى ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ يۈكلىمە بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) دىئالوگلاردا خەۋەرگە ياندىشىپ كېلىپ سوراق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. م:

(1) تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدۇڭمۇ؟

(2) تەتىلدە ئۆيگە بارامسەن؟

(3) مېھمانلار بۈگۈن كېلەرمۇ؟

www.uyghurkitap.com

2) جۈملىنىڭ خەۋەر بۆلىكىدىكى «ئەمەس» سۆزىگە ياندىشىپ كېلىپ ياكى «مۇ + ئىدى» شەكلىدە كېلىپ، سۆزلىنىۋاتقان پىكىرنى تىڭشىغۇچى ئالدىدا سوراق شەكلى ئارقىلىق قەتئىيلەشتۈرۈش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال كۆپىنچە، رىتورىك سوراق شەكلىدە ئۇچرايدۇ. م:

(1) قوساقنى تويغۇزۇۋېلىپلا ئىش قىلماي يېتىش نومۇس ئەمەسمۇ؟

(2) بۇ بەغەرەز تۆگىچىنى كۆزدىن يوقىتىش تەسمىدى؟

(3) خەۋەردىن باشقا بۆلەكلەرگە ياندىشىپ كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزلىنىۋاتقان پىكىردىكى مەلۇم نۇقتىنى تەكىتلەش، كۈچەيتىش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ. م:

(1) كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن، زىقمۇ كۆيمىسۇن.

(2) ئالماس بۇ قېتىممۇ دېسەم-دېمىسەم يېڭى گەپلەرنى، دىل سۆ ئىچىدىن غان گەپلەرنى ئېلىپ چىقتى.

2. «چۇ» يۈكلىمىسى:

1) دىئالوگلاردا خەۋەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىپ، سوئال مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. م:

(1) بۈگۈن بىز باغچىغا بارىمىز، سىلەرچۇ؟ (سىلەرمۇ بارامسىلەر؟)

بۇ خىل ئەھۋالدا «چۇ» يۈكلىمىسى سوراق جۈملىلەرنى ئىخچاملاش رولىنى ئوينايدۇ.

2) جۈملىنىڭ خەۋەردىن باشقا بۆلەكلىرىگە ياندىشىپ كەلگەندە، ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى شۇ بۆلەكتە ئىپادىلەنگەن ئوبيېكتقا مەركەزلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. م:

(1) مۇشۇ موللا زەيدىنچۇ، قاراپ تۇرۇپ ئۆزلىرىگە تىل تەككۈزۈۋاتىدۇ.

(2) تۇرپاندىنچۇ، ماڭا ئوخشاش جىك ئادەم چىقىدۇ.

3) شەرت رايى ۋە بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللاردىن بولغان خەۋەرلەرگە ياندىشىپ كېلىپ، ئارزۇ-ئىستەك، ئۆتۈنۈش تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدۇ. م:

(1) يىغىننى سەن باشقۇرساڭچۇ، دوستۇم!

(2) قېنى ئۇياقتىن-بۇياقتىن پاراڭلىشىپ كۆرەيچۇ!

4) رەۋىشداشلاردىن بولغان ھالەتكە ياندىشىپ كېلىپ سەۋەبنى تەكىتلەش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

(1) تولا سۆزلەپچۇ، ئېغىزلىرىم قۇرۇپ كەتتى.

3. «غۇ (قۇ)» يۈكلىمىسى:

1) خەۋەرگە ياندىشىپ كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆز پىكرىنىڭ توغرا ياكى راستلىقىنى قارشى تەرەپكە تەستىقلىتىش تۈيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

(1) قۇش بولماي نېمە، ئاغىنە، ئۇنىڭمۇ قانىتى بار، بىزگە ئوخشاش ئۇچىدۇغۇ!

(2) خوجا ھاپىز بەگنى كۆردۇققۇ، يامانلىقىنىڭ جازاسىنى تارتتى.

2) ئەينى بىر سۆزنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولغان قوشما خەۋەرلەردە ئالدىنقى سۆزگە ياندىشىپ شۇ ھەرىكەت ياكى خۇسۇسىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ. م:

(1) بېرىشىنىغۇ باراتتىم، بىراق ۋاقتىم يوق.

(2) ئازلىقىغۇ ئاز، لېكىن ساڭا يېتىدۇ.

(3) بارلىقىغۇ بار، ئەمما ھېچكىمگە بەرمەيمەن.

3) خەۋەردىن باشقا بۆلەكلەرگە ياندىشىپ كېلىپ، شۇ بۆلەكتە ئىپادىلەنگەن نەرسىنىڭ مەلۇم ئىش-ھەرىكەتنىڭ بېجىرىلىشىدە تېخى يېتەرسىز بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. م:

(1) رەھبەرلىكقۇ قوشۇلاتتى، ئەمما ئۆزەمنىڭ بېرىشقا ئانچە رايىم يوق.

(2) ئىمتىھان نەتىجىسىغۇ ياخشى، لېكىن ئەمەلىيەتتە بىلىدىغىنى چاغلىق.

4. «لا» يۈكلىمىسى:

1) خەۋەردىن باشقا بۆلەكلەرگە ياندىشىپ كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ بۆلەكتە ئىپادىلەنگەن ئوبيېكتىنى چەكلەپ كۆرسىتىش تۈيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

(1) ئۇنداق بولسا، ھەممە ئىشىرلىق ماڭىلا چۈشۈۋاتىدىغۇ.

(2) ھەممىڭلار ئاچچىقىڭلارنى مەندىنلا چىقىرامسىلەر.

(3) بۇ ئىشنى مۇئەللىمگىلا دېدىم.

2) جۇمانىڭ رەۋىشداشتىن بولغان ھالەت بۆلىكىگە ياندىشىپ كەلگەندە، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىشلەنگەن ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ۋاقتىنىڭ زىچلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

(1) قىز ئۈستىدىكى يامغۇرلۇقنى يىگىتنىڭ كەڭ يەلكىسىگە يېپىپ قويۇپلا ۋېلىسىپىتكە مىندى.

(2) گۈلنار يۈگۈرۈپ ئاشخانىغا كىرىپلا ئىشكنى جالاقىدە ياپتى.

5. «دە (تە)» يۈكلىمىسى:

1) خەۋەرگە ياندىشىپ كېلىپ، ئەپسۇسلىنىش، زەردە قىلىش تۈيغۇسىنى ئى-

پادىلەيدۇ. م:

(1) دەرت ـ ئەلەمنى مەن تارتسام، راھىتى سىلىنىڭ بولىدىكەن ـ دە!

(2) سىلەر كادىرلار دۆلەت ئىقتىسادىنى تېجەشتە نەمۇنە بولۇشىڭلار كېرەك ـ تە!

2) ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا يانداشىپ كېلىپ، قايىل بولۇش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

(1) ۋاھ، راسا باپلىدىڭ ـ دە!

(2) پاھ ـ پاھ، راسا ئوخشىغان تاۋۇز ئىكەن ـ دە!

3) قوشما جۈملىلەردە بىرىنچى ئاددىي جۈملىنىڭ خەۋەرىگە يانداشىپ كېلىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى پەيدا بولغان ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتىنىڭ تېزلىكىنى بىلدۈرىدۇ. م:

(1) ئۇ دادىسىغا بىر ئالىيېۋالدى ـ دە، مېھمانخانىدىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەكلا چىقىپ كەتتى.

(2) ئەكبەر بىر دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، رىتسىپ قەغىزىنى پۇرلەپ يەرگە تاشلىدى ـ دە، ئارقىسىغىمۇ قارىماي كېتىپ قالدى.

6. «ھە» يۈكلىمىسى:

1) خەۋەرگە يانداشىپ كېلىپ، مەلۇم گۇماننى ئايدىڭلاشتۇرۇش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

(1) بۈگۈن ئاخشامقى ئىشنى سەزگەنسىز ـ ھە؟

(2) ئۆيگە خەت يېزىپ تۇرغانسىز ـ ھە؟

2) سوراق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرىگە يانداشىپ كېلىپ، تەستىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

(1) گېپى قىزىق، مۇنداقمۇ ئوتۇنچى بولىدىكەن ـ ھە؟

(2) يېزا قانداق ياخشى ـ ھە؟

3) ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا يانداشىپ كېلىپ، ئۈندەش جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ھېس ـ تۇيغۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. م:

(1) تۇۋا، ئادەم نېمە دېگەن تېز ئۆزگىرىدۇ ـ ھە!

(2) پاھ، بۇ گۈل نېمە دېگەن چىرايلىق ئېچىلىپ كەتكەن ـ ھە!

7. «زە» يۈكلىمىسى:

ئۆزى يانداشىپ كەلگەن بۆلەككە تەكىت ۋە نارازىلىق تۇيغۇلىرىنى يۈكلەيدۇ. م:

(1) مەنزە، بۇرۇتۇمنى پىلىكتە مايلايدىغان ئادەممۇ!

(2) سەنزە، مېنى ئۆلتۈرۈشكە قەستلەپتىكەنسەن - دە!

(3) ئەمدىزە، قېرىپ قالغاندا مېنىڭ بېدىيان چېيىمغا ئىچىمگىلار چۈشۈپ قاپتۇ - دە!

8. «يۇ (ئۇ)» يۈكلىمىسى:

بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئاددى جۈملىنىڭ بىرىنچى ئاددى جۈملىسىنىڭ خەۋىرىگە ياندىشىپ كېلىپ، ئەجەپلىنىش، نارازىلىق تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

(1) شۇنچىۋالا يولنى پىيادە بېسىپ غىدىڭ - پىدىڭ قىلمايدۇ - يۇ، تېخى ماجانتالغا بارالمامدا؟

(2) ناھىيىدىكى مەجلىسكە مەن قىسمەت چوڭرۇق بارمايمەنۇ، ئۇلار نېمە دەپ بارىدۇ.

9. «ئا (ئە)» يۈكلىمىسى:

1) بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللاردىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە ياندىشىپ كېلىپ، بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش، تەلەپ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

(1) ھە، ئېيتقىنا، پاشا نېمە دەۋاتىدۇ؟

(2) ناخشاڭ نېمە دېگەن مۇڭلۇق، قايتا بىر ئوقۇۋەتكىنە!

2) سۇپەتداشلاردىن بولغان خەۋەرگە ياندىشىپ كېلىپ، مەلۇم بىر نەتىجىنى كۈتۈش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

مېھمان قىز يەنە قانداق كارامەتلەرنى ۋە يەنە قانداق سېھىرلەرنى كۆرسەتەركىنە!

10. «دۇ (تۇ)» يۈكلىمىسى:

جۈملە بۆلەكلىرىگە ياندىشىپ، گۇمان ۋە قىياس تۇسىنى بىلدۈرىدۇ. م:

(1) نىياز پالۋان ھازىرغىچە ئالتە كىشى بىلەن تۇتۇشۇپ، يەتتىنچىسىدە زەنگى بىلەن تۇتۇشماقتا، ئەلۋەتتە ھارغاندۇ!

(2) كىملەردۇ ئويغاق، كىملەردۇ ئۇيقۇدا.

(3) بويۇڭ ھېچبولمىغاندا بىر - ئىككى سانتىمېتىر ئۆسكەندۇ!

11. «تالا» يۈكلىمىسى:

كۆپىنچە، «كىن» بىلەن ئاخىرلاشقان خەۋەرگە ياندىشىپ كېلىپ، شۇ شەيئى پاكى ئىش - ھەرىكەتنىڭ خەۋەرسىزلىك تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(1) ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىن تاڭ.

(2) ئۇنىڭ مەندىن كۆڭلى ئاغرىپ قالدىمىكىن تاڭ.

12. «جۇمۇ» يۈكلىمىسى:

خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا ياندىشىپ كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكرىنى تەكىتلەش تۈيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

(1) ئىلاننىڭ بالىسىمۇ ئادەمنى چاقىدۇ، جۇمۇ.

(2) ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇڭلار، جۇمۇ.

(3) سېنىمۇ كۆرۈپ قويدۇم، جۇمۇ.

يۇقىرقى تىل پاكىتلىرىدىن بىز يۈكلىمىلەرنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىن كۆپىنچە بىر بوغۇم ھالىتىدە ئۇچراپ، جۈملىنىڭ بۆلەكلىرىگە ئۇلىنىپ ئىپتىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز.

يۈكلىمىلەر جۈملە تەركىبىدە گەرچە سۆزلەرگە قوشۇلۇپ ئىپتىلىسىمۇ، ئەمما ئۇ قوشۇمچە ئەمەس. پەقەت جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىگە ياندىشىپ كېلىپ، شۇ جۈملە ياكى شۇ بۆلەكتە ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىرگە سۆزلىگۈچىنىڭ ھەر خىل ئىچكى تۇيغۇلىرىنى قوشۇپ بايان قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. م:

(1) بىگۇنا كەمبەغەللەر تىرىك تۇرۇپلا دوزاق ئازابىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئېيتسىلاچۇ، تېنچلىقنى بۇزۇۋاتقان كىم ئىكەن؟ بىزمۇ ياكى شا مەخسۇتمۇ؟

(2) بارساق-بارايلى. قازى ئادەم يېمەيدىغۇ!...

(3) ئاشنى سىلى ئالمايلا-دە!

يۇقىرقى (1) مىسالدا، «لا» يۈكلىمىسى ھالەتكە ئۇلىنىپ، شۇ ھالەتنە ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەتنى تەكىتلەپ كۆرسىتىش رولىنى ئويىنىغان بولسا، «چۇ» يۈكلىمىسى ئىككىنچى ئاددىي جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئۇلىنىپ ئۆتۈنۈش تۈيغۇسىنى ئىپادىلىگەن، «مۇ» يۈكلىمىسى خەۋەرگە ئۇلىنىپ سوئال تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەن؛ (2) مىسالدا، «غۇ» يۈكلىمىسى خەۋەرگە ئۇلىنىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆز پىكرىنى جەزمەنلەشتۈرۈش تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەن؛ (3) مىسالدا، «دە» يۈكلىمىسى خەۋەرگە ئۇلىنىپ ئەپسۇسلىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەن.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى قوشۇمچىلار، مەسىلەن، سۈپەتلەرنىڭ ئەركىلىتىش دەرىجە قوشۇمچىلىرى، سۈپەتداشلارنىڭ قوشۇمچىلىرى، ھەمدە پېئىللارنىڭ بەزى خەۋەر رايى قوشۇمچىلىرى ھەم تولۇقسىز پېئىللاردا ئىچكى ھېس-تۇيغۇنى ئىپادىلەش رولى بولىدۇ. م:

(1) قانداق بولار، كۆپكۆندۈزدە.

(2) بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى نەگە باراركىن.

(1) مىسالدىكى سۈپەتداش قوشۇمچىسى «ئار» ئەسلىدە پېئىلنىڭ سۈپەتلەشكەنلىكىنى كۆرسەتكەندىن باشقا، يەنە شۇ پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىرگە گۇمانلىنىشتىن ئىبارەت ئىچكى تۇيغۇنى يۈكلىگەن؛ (2) مىسالدا، يەنە سۈپەتداش قوشۇمچىسى «ئار» «ئىكەن» تولۇقسىز پېئىلنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى «كىن» بىلەن قوشۇلۇپ گۇمانلىنىش تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. ئەمما بىز بۇ خىل قوشۇمچىلار ۋە سۆزلەرنىڭ مۇشۇ خىل رولىغا قاراپ ئۇلارنىمۇ يۈكلىمىلەر قاتارىغا كىرگۈزسەك، مۇۋاپىق بولمايدۇ. چۈنكى بۇ قوشۇمچىلار ۋە سۆزلەر نوقۇل گىراماتىكىلىق مەنە ئاڭلىتىش بىلەن بىرگە يەنە قوشۇمچە ئىچكى تۇيغۇنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنى چىقىرىۋەتكەندە، جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسىغا تەسىر يېتىدۇ. م: يۇقىرىقى (1) مىسالدىكى سۈپەتداش قوشۇمچىسى «ئار» نى چىقىرىۋەتكەندە، «بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى نەگە بار» بولۇپ قالىدۇ. مۇنداق بولغاندا، جۈملە بولماي قالىدۇ. ئەمما يۈكلىمىلەرنى جۈملە تەركىبىدىن چىقىرىۋەتكەندە، پەقەت جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىچكى تۇيغۇ يوقايدۇ، جۈملىسىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىغا تەسىر يەتمەيدۇ. م:

(1) مەنچۇ، مەن ئويناۋېتىپتىمەنمۇ!

(2) سەنلا كۆتىرىپ، مەن ئۇخلايتىمەن-دە!

(1) مىسالدىكى «چۇ» بىلەن «مۇ» يۈكلىمىسىنى چىقىرىۋەتكەندە، «مەن، مەن ئويناۋېتىپتىمەن!» بولىدۇ؛ (2) مىسالدىكى «لا» بىلەن «دە» يۈكلىمىسىنى چىقىرىۋەتكەندە، «سەن كۆتىرىپ، مەن ئۇخلايتىمەن» بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىز جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسىغا تەسىر يەتمىگەنلىكىنى يەنى ئوخشاشلا جۈملە ھالىتىدە قېلىۋاتقانلىقىنى، پەقەتلا جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىچكى ھېس تۇيغۇنىڭ يوقالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

دېمەك، يۈكلىمىلەر سۆزلەرگە ئۇلىنىپ نوقۇل گىراماتىكىلىق رول ئوينايدىغان ھەمدە گىراماتىكىلىق مەنە بىلەن ئىچكى تۇيغۇنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلاردىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. يۈكلىمىلەر جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىگە ئۇلىنىپ، جۈملە تەركىبىدە گىراماتىكىلىق مەنا ئاڭلاتماي، پەقەت ئىچكى ھېس-تۇيغۇنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىز يۈكلىمىلەرنى قوشۇمچە ئەمەس، ئىچكى ھېس تۇيغۇنى ئىپادىلەيدىغان ياردەمچى دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز.

يۈكلىمىلەرنىڭ جۈملىنىڭ قايسى بۆلىكىگە ئۇلىنىشى ئۇلارنىڭ جۈملە تەركىبىدىكى كونكرېت مەنىلىرىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. يەنى جۈملىنىڭ ئوخشاشمىغان

بۆلىكى ياكى ئوخشاشمىغان شەكىلدىكى بۆلەكلىرىگە ئۇلىنىش بىلەن ئۇلارنىڭ كونكرېت مەنىلىرى ئۆزگىرىپ بارىدۇ. م:

(1) سىزدە لۇغەت بارمۇ؟

(2) ھىسامىدىن داموللىنى بىلمەيمىز مۇ!

(3) جانمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ.

(1) مىسالدا، «مۇ» يۈكلىمىسى بولۇشلۇق شەكىلدىكى خەۋەرگە قوشۇلۇپ سوئال مەنىسىنى ئىپادىلىگەن؛ (2) مىسالدا، بولۇشسىز پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە قوشۇلۇپ سوئال ئارقىلىق تەستىقلاش مەنىسىنى ئىپادىلىگەن؛ (3) مىسالدا، ئىگىگە ئۇلىنىپ، شۇ ئىگىدە ئىپادىلەنگەن ئوبيېكتنى تەكىتلەش مەنىسىنى ئىپادىلىگەن. يەنە م:

(1) سىز باردىڭىز، ئۆچۈ؟

(2) ئۇكام، تولا چاقچاق قىلمىچۇ!

(3) بىز بىردە ئەمەس، قىنى كېلىپ باقسۇنچۇ.

(4) بۇ ئۆيچۇ، چاشقان ئۇۋىسى، بۇ يەردە ئەمدى ھېچكىم يېتىپ-قوپمايدۇ.

(1) مىسالدا، «چۇ» يۈكلىمىسى ئىگىگە بىۋاستە قوشۇلۇپ، خەۋەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ سوئال مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ (2) مىسالدا، بولۇشسىز پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىلتىماس قىلىش، يېلىنىش مەنىسىنى ئىپادىلىگەن؛ (3) مىسالدا، بۇيرۇق رايىدىكى پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە قوشۇلۇپ دوق قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلىگەن؛ (4) مىسالدا بولسا، ئىگىگە قوشۇلۇپ كېلىپ، ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى ئىگىدە ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىرگە مەركەزلەشتۈرۈش رولىنى ئوينىغان.

دېمەك، يۈكلىمىلەر جۈملە بۆلەكلىرىگە ياندىشىپ كېلىپ، شۇ بۆلەككە قوشۇمچە مەنە يۈكلەيدۇ. قانداق بۆلەككە ياندىشىپ كېلىش — يۈكلىمىلەرنىڭ مەنىسىنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ. جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە جۈملە بۆلەك شەكىللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى، يۈكلىمىلەرنىڭ مەنىسىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ: ئىگىگە ياندىشسا، بىر خىل مەنىدە، خەۋەرگە ياندىشسا، يەنە بىر خىل مەنىدە؛ بولۇشلۇق شەكىلگە ياندىشسا، بىر خىل مەنىدە، بولۇشسىز شەكىلگە ياندىشسا، يەنە بىر خىل مەنىدە كېلىدۇ. شۇڭا جۈملە بۆلەكلىرى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى يۈكلىمىلەرنىڭ كونكرېت مەنىلىرىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئاساسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

دېمەك، يۈكلىمىلەر جۈملىدە ھەر قانداق بۆلەك بولالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنى ئۆز ئارا باغلاش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە ئەمەس. شۇڭا، يۈكلىمىلەر گىراممATىكىلىق مەنىگە ئىگە ئەمەس. ئۇ پەقەت جۈملىدە ئىنچىكە ھېس

-تۇيغۇنى ئىپادىلىگۈچى ۋاستە بولىدۇ.

يۈكلىمىلەر ياردەمچى سۆزلەردىن پەرقلىنىدۇ. ياردەمچى سۆزلەر گىراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە، ئەمما يۈكلىمىلەر گىراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە ئەمەس. بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، گىراماتىكىلىق مەنە بىلەن ئىچكى ھېس-تۇيغۇنى ئىپادىلىگۈچى ۋاستە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. «مۇ، چۇ، غۇ،» قاتارلىق يۈكلىمىلەرنى گەرچە بايان جۈملىلەرنى سوئال جۈملىلەرگە ئايلاندۇرۇش رولىغا ئىگە بولسىمۇ، بىراق بۇ خىل رول مۇشۇ يۈكلىمىلەرنىڭ كونكرېت جۈملىدىكى ئوي-پىكىرگە نىسپەتەن سوئال تۇيغۇسىدىن بارلىققا كەلگەن. ئەگەر بۇ خىل سوئال تۇيغۇسى بولمىسا، شۇ خىل سوئال جۈملىنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. يەنە «لا، مۇ، يۇ، دە» قاتارلىق بەزى يۈكلىمىلەر بەزىدە ئىككى ئاددى جۈملىنى ئۆزئارا باغلاپ كېلىۋاتقاندەك ھەم شۇ سەۋەپلىك نۇقۇل گىراماتىلىق مەنە ئاڭلىتىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇشۇ يۈكلىمىلەر ئىپادىلىگەن ئىچكى تۇيغۇ شۇ جۈملىلەردە رول ئويناش ئارقىلىق بۇ خىل مۇناسىۋەت شەكىللەنگەن بولىدۇ. م:

يوپۇرماقلىرى بىر چىرايلىق باراقسانلىشىپ كېتىپتۇ يۇ، گۈلى سەتلىشىپ تۇزۇشقا باشلاپتۇ.

بۇ جۈملىدە «بىر چىرايلىق باراقسانلىشىپ كېتىپتۇ» دېگەن ئاددى جۈملە بىلەن «گۈلى سەتلىشىپ تۇزۇشقا باشلاپتۇ» دېگەن ئاددى جۈملە «يۇ» ئارقىلىق باغلىنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما «يۇ» يەنىلا يۈكلىمە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئىشلىتىلگەن «يۇ» ئەسلىدە بولماسلىققا تېگىشلىك ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قالغانلىقىغا ئەجەپلىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن، ئەگەر بۇنداق تۇيغۇنى ئىپادىلىمەي، نۇقۇل قارىمۇ-قارشى باغلىغۇچىلىق رول ئويناۋاتىدۇ دېيىلسە، ئۇ ھالدا، بىز «ئەمما، لېكىن بىراق» قاتارلىق قارىمۇ قارشى باغلىغۇچىلار بىلەن ئالماشتۇرۇپ كۆرسەك، «يۇ» نىڭ بۇ باغلىغۇچىلار بىلەن مۇناسىۋىتىنى پەرق ئېتىۋالالايمىز.

(1) يوپۇرماقلىرى بىر چىرايلىق باراقسانلىشىپ كېتىپتۇ، ئەمما گۈلى سەتلىشىپ تۇزۇشقا باشلاپتۇ.

(2) گەرچە يوپۇرماقلىرى بىر چىرايلىق باراقسانلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق گۈلى سەتلىشىپ تۇزۇشقا باشلاپتۇ.

يۇقىرقى ئىككى جۈملىنى «يۇ» ئىشلىتىلگەن جۈملە بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، «يۇ» ئىشلىتىلگەن جۈملىدە ئىچكى تۇيغۇ ئىپادىلىنىۋاتقانلىقىنى، كېيىنكى ئىككى جۈملىدە بولسا، «ئەمما، بىراق» سۆزلىرى نوقۇل باغلىغۇچىلىق رول ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

دېمەك، يۈكلىمىلەر كونكرېت جۈملىدە ھېچقانداق گىرامماتىكىلىق مەنە ئىپا-
دىلىمەيدۇ، پەقەت جۈملە بۆلەكلىرىگە ياندىشىپ ئىچكى ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلى-
گۈچى ۋاستە سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا يەنە ئۈندەش سۆزلەرمۇ ئىچكى ھېس تۇيغۇنى ئىپادىلىگۈچى
ۋاستە سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ، ئەمما ئۈندەش سۆزلەر جۈملىدە ھامان بەلگىلىك
گىرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ، يەنى جۈملىدە ئادەتتە قاراتما سۆز رولىنى ئوي-
نايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈندەش سۆزلەر پۈتۈن جۈملىگە ھاياجانلىنىش، ھەيران قې-
لىش، قايىل بولۇش، ئاپىرىن ئوقۇش، ئەجەپلىنىش، غەزەپلىنىش قاتارلىق تۇيغۇ
لارنى يۈكلەيدۇ. شۇڭا ئۈندەش سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۈندەش جۈملىنىڭ مەنىسى
بىلەن چەمبەرچەس بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. يۈكلىمىلەر بولسا يۇقىرىدا كۆرسەت-
كىنىمىزدەك، جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكى بىلەن چەكلىنىدۇ. بۇ — ئۈندەش سۆزلەر
بىلەن يۈكلىمىلەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر ئۆلچىمى.

دېمەك، يۈكلىمىلەر ئىچكى ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلىگۈچى ۋاستە. كىشىلەر ئۆز
ئەدىبىيلىرىنى تىل بىلەن ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدەك ھېسسىيات ۋە ئىچكى تۇيغۇلىرىنى-
مۇ تىل ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىچكى ھېسسىيات ۋە تۇيغۇلىرى ئىن-
تايىن مۇرەككەپ بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشكە باي تىل بول-
غاچقا، كىشىلەر ئىچكى ھېس - تۇيغۇلارنى بەزىدە قوشۇمچىلار ئارقىلىق بەزىدە يار-
دەمچى سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. يۈكلىمىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ئو-
بىيېكتىپ ئۈستىدىكى گۇمان، مايىللىق، ھەقىقىلىق قاتارلىق ئىچكى ھېس - تۇيغۇ-
لىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئىچكى ھېس - تۇيغۇلار يۈكلىمە ياندىشقان كونكرېت
جۈملىدە شۇ يۈكلىمىلەرنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسى بولىدۇ. شۇڭا بىز يۈكلىمىلەرنى
لېكسىكىلىق مەنىگىمۇ ئىگە بولمىغان، گىرامماتىكىلىق مەنىگىمۇ ئىگە بولمىغان،
پەقەتلا جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىگە ياندىشىپ سۆزلىگۈچىنىڭ ئىچكى ھېس
تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ۋاستە دەپ ئېيتالايمىز. بۇ خىل ئىچكى تۇيغۇنى
ئىپادىلىگۈچى ۋاستە تىلغا ئۇقۇل تۇس مەنىسىنى يۈكلەيدىغان تىل بىرلىكى.

يۇقىرىقى تەھلىللەرگە ئاساسەن، بىز يۈكلىمىگە مۇنداق ئېنىقلىما بېرەلەيمىز:

يۈكلىمە — جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىگە ياندىشىپ كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ
سۆزلىنىۋاتقان ئوبيېكتقا نىسبەتەن ئىچكى ھېس - تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ بېرىدى-
غان سۆز ياردەمچىسى. ئىچكى ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلىگۈچى بۇ خىل ۋاستە تىلدا
تۇس مەنىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا، يۈكلىمىلەر تىلغا ئۇتۇقتا تۇس يۈكلىگۈچى
تىل بىرلىكى. ئۇ، سۆزمۇ ئەمەس، قوشۇمچىمۇ ئەمەس، پەقەت سۆز ياردەمچىسى سۈپە-
تىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، تىلنىڭ تۇس مەنىسى تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى
ئۈستۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان مۇھىم ئامىل. شۇڭا، يۈكلىمىلەرنى ئۇيغۇر تىلى ئىس-
تىلىستىكىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارايمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# چاغاتاي تىلىنىڭ سىنتاكسىس جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرى

ئابدۇرۇپ پولات

چاغاتاي تىلى گرامماتىكىسى جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. ئەمما، بىز چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا سىنتاكسىس جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ تەركىبىدە، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ھازىرقى تىلىمىزدىكى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان سۆز بىرىكمىلىرى — ئەرەپچە-پارسچە ئىزاپەتلىك بىرىكمىلەردىن باشقا، قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم جۈملىلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز.

1. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت قاتارلىق جۈملە بۆلەكلىرى جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ ۋە مەزكۇر جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى جەزمەن جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىدىن بولغان خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. بىراق، چاغاتاي تىلىنىڭ جۈملە قۇرۇلۇشىدا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى جۈملە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇشۇ تۈپ قائىدىسىگە خىلاپ بولغان ئۆزگىچە ئەھۋالنى، يەنى جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىنىڭ جۈملىنىڭ باش بۆلىكى بولغان خەۋەرنىڭ كەينىدە كېلىدىغان ئالاھىدە ئەھۋالنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

(1) (ئۇلار) تەملىخا دېگەن رەفىقلارىدىن شەھەرگە يىبەرمىشلەر تەئام كەلتۈرۈرگە.

ئىگە    خەۋەر    ھالەت

— ناۋائىي: «تارىخى ئەنبىيا» دىن.

(ئۇلار، تەملىخا دېگەن بۇرادىرىنى شەھەرگە تاماق ئەكىلىشكە ئەۋەتىپتۇ)

(2) (ناۋايى) تۆت غەزەلىيات دىۋانى تەرتىب قىلىپتۇر غەرايىبۇسسىغەر، نەۋادىرۇششەباب، بەدىئۇلۋەسەت، فەۋايىدۇلكىبەر ئاتلىق.

ئىگە    خەۋەر    ئېنىقلىغۇچى

— بابۇر شاھ: «بابۇرنامە» دىن

(ناۋايى، «بالىلىقتىكى ئاجايىپ ئىشلار»، «يىگىتلىك نادىرلىقلىرى»، «ئوت-

تۇرا ياش دەۋرىدىكى قىسمەتلىكلەر»، «قىرىلىقتىكى پايدىلىق ئىشلار» ساملىق تۆت دىۋان تۈزگەن.)

(3) (ئۇ) شىمالى سارىغە شەھىنەشىدا ئىككى تۈشەك سالدىلەر بىر-بىرىگە روبەرو.

ئىگە — خەۋەر — ھالەت

— بابۇر شاھ: «بابۇرنامە» دىن

(ئۇ، شىمال تەرەپتىكى سۇپىغا بىر-بىرىگە روبىرو قىلىپ ئىككى پارچە سېلىنچا سالدى.)

(4) (مەن) ئول شەھەر ئورتاسىدا بىر كۆشك كۆردۇم سەنگى مەر-مەردىن.

ئىگە — خەۋەر — ئېنىقلىغۇچى

— رابغوزى: «قىسەسۇلئەنبىيا» دىن

(مەن، ئۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، مەر-مەر تاشتىن ياسالغان بىر قەسىر كۆردۈم.)

(5) پادىشاھ بۇ سۆز بىرلە ۋەئىدەسىنى سۇنىدۇرۇپ موھرىنى يىرتىپ تاشلادى غېرىپ سەنەمگە مەلامەت يەتكۈرگۈدېك دېپ.

ئىگە — خەۋەر — ئىزاھلىغۇچى ھالەت

— «غېرىپ-سەنەم»، بۇلاق، 11-سان، 223-بەت.

(پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، غېرىپ-سەنەمگە مالامەت يەتكۈزگۈدەك دەپ، مۆھۈرلۈك تىلخەتنى يىرتىپ تاشلىدى.)

(6) ئاندا ئانىكاسى كىشى چىقاردى ئەرابەكەش غېرىبنى سەنەمنىڭ رەۋاقىنىڭ تۈبىدىن ئالىپ ئۆتسۇن دېپ.

ئىگە — خەۋەر — ئىزاھلىغۇچى ھالەت

— «غېرىپ-سەنەم»، بۇلاق، 11-سان، 223-بەت.

(شۇئاندا ئىنىسىكئانا ھارۋىكەشكە غېرىپنى سەنەمنىڭ راۋىقى تۈۋىدىن ئېلىپ ئۆتسۇن دەپ ئادەم چىقاردى.)

چاغاتاي تىلىدا، بۇ خىلدىكى جۈملىنىڭ باش بۆلىكى بولغان خەۋەرنىڭ كەينىدە كېلىدىغان ئىيەگەشمە بۆلەكلەر بەزى ھاللاردا، جۈملە خەۋىرى بىلەن «كى // كىم» ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(7) (ئۇلار) بىر تاغنىڭ ئۈستىگە دىۋارلار بىنا قىلىپتۇركى رۇخام تاشىدىن.

ئىگە — خەۋەر — ھالەت

— رابغوزى: «قىسەسۇلئەنبىيا» دىن

(ئۇلار، بىر تاغنىڭ ئۈستىگە مەر-مەر تاش بىلەن تام قوپۇرۇپتۇ.)

ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىدىن بولغان خەۋەرنىڭ

كەينىدە كېلىشى چاغاتاي تىلىنىڭ سىنتاكسىس جەھەتتىكى مۇھىم بىر ئۆزگىچىلىكى ھېسابلىنىدۇ. دەسلەپكى قەدەمدىكى ئۆگىنىشىمىز ۋە سېلىشتۇرۇپ ئىزدىنىشىمىزچە، بۇ خىل ئۆزگىچىلىك چاغاتاي تىلىغا ئەرەپ تىلى گىراماتىكىسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ئۆزلەشكەن. ئەرەپ تىلى گىراماتىكىسىدا، جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت قاتارلىق بۆلەكلىرى ھامان جۈملە خەۋىرىنىڭ كەينىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەرسەلنە ئابدەللاھ ئىلەلمەدىنە لىشىشىرائى.
(ئەۋەتتۇق ئابدۇللانى شەھەرگە «مال» سېتىۋېلىشقا.)
ئەجەبتۇلئۇستازە قائىمان.
(جاۋاب بەردىم مۇئەللىمگە ئۆرە تۇرۇپ.) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

2. چاغاتاي تىلىنىڭ سىنتاكسىس جەھەتتىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ھال پېئىللارنىڭ مۇستەقىل ھالدا جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي تىلىدا، مۇئەييەن بىر ئاياقلاشقان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلىگۈچى جۈملىلەر تۈرلۈك مەيل ۋە زامان قوشۇمچىسىغا ئىگە پېئىللارنىڭ خەۋەر بولۇپ كېلىشىدىن باشقا، ھال پېئىللارنىڭ خەۋەر بولۇپ كېلىشى ئارقىلىقمۇ تۈزۈلۈۋېرىدۇ. مۇنداق ھال پېئىلدىن بولغان خەۋەرنىڭ قايسى مەيل ۋە قانداق زاماندا كەلگەنلىكىنى كونتېكست ئارقىلىق پەرق قىلىپ، ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن:

(فەرھاد) قويۇپ تۇپراققە يۈز ئەيلەپ تەزەررۇئى،
خۇدايىدىن قىلىپ نۇسرەت تەۋەققۇئى.
ئاتاسى ئاياغىغە قويۇپ باش،
دۇئايى ھىممەت ئىستەپ ئاقىزىپ ياش.
ئاتا ئەيلەپ يەقاسىن چاك يىغلاپ،
بولۇپ بارى ئولۇس غەمناك يىغلاپ.

— ناۋايى: «فەرھاد-شېرىن» دىن.

بۇ مىسالدىكى ئاستى سىزىلغان «قىلىپ»، «ئاقىزىپ»، «يىغلاپ» دېگەن ھال پېئىللار مەزكۇر شېئىردىي جۈملىلەردىكى خەۋەر بۆلەكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قايسى مەيل ۋە قانداق زامان بىلەن كەلگەنلىكىنى ئەشۇ كونتېكستتا بايان قىلىنىۋاتقان ۋەقەلىككە ۋە سۆزلەرنىڭ ئىستىمال قىلىنىشىغا قاراپ ئۇنىڭغا مۇنداق يېشىم بېرىشىمىز مۇمكىن:

(فەرھاد) يەرگە يۈزىنى قويۇپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپ، خۇدادىن نۇسرەت تىلىدى. ئاتىسىنىڭ ئايىقىغا باش قويۇپ، ھىممەت دۇئاسى ئىزلەپ ياش تۆكتى. ئاتا ياقىسىنى يىرتىپ تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. بارلىق خەلق غەمگە چۆكۈپ يىغا-زارى قىلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ خىل ھال پېئىللار خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان ئۆزگىچە ئەھۋال يالغۇز چاغاتاي تىلىدىكى نەزمىي ئەسەرلەردىلا ئەمەس، بەلكى نەسرىي ئەسەرلەردىمۇ ئوخشاشلا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

پادىشاھ بۇ ئىشىدىن مەسرۇر بولۇپ تەملىخاغا يول باشلاتىپ ئەسھابى كەھف سۆھبەتىغە مۇشەررەف بولۇپ ئۇلار تەئام يەپ تەكرىتە ئالاغە سەجداتى شۇكر قىلىپ يەنە ئۇيقۇغا بارمىشلەر

— ناۋايى: «تارىخى ئەنبىيا» دىن.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ مىسالنى «بولۇپ»، «باشلاتىپ»، «بولۇپ»، «يەپ»، «قىلىپ» دېگەن چېقىلما رەۋىشداشلار بىلەن چېتىلىپ ھاسىل بولغان بىر ئاددى جۈملە، بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى «پادىشاھ». خەۋىرى «بارمىشلەر»، «مەسرۇر بولۇپ»، «يول باشلاتىپ»، «مۇشەررەف بولۇپ»، «سەجداتى شۇكر قىلىپ» دېگەنلەر بولسا مۇشۇ بىر جۈملىنىڭ ھالەتلىرى دېيىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئايرىم-ئايرىم ئىگىسى بولغان ئىككى يۈرۈش ئىش ھەركەتنى بايان قىلغان مۇستەقىل ھالدىكى ئىككى جۈملە بولۇپ، بىرىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى «پادىشاھ»، خەۋىرى «مۇشەررەف بولۇپ» تىكى «بولۇپ»، ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى «ئۇلار» (غار ساھابىلىرى)، خەۋىرى بولسا «بارمىشلەر» دىن ئىبارەت. مەزكۇر بىرىنچى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كەلگەن «بولۇپ» دېگەن ھال پېئىلىنىڭ قايسى زامان ۋە قانداق مەيلدە كەلگەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئالدى كەينىدىكى جۈملىلەرنىڭ خەۋەرلىرىگە ۋە سۆزلەرنىڭ ئورامىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىمىز. ئاندىن، ئۇلارغا مۇنداق يېشىم بېرىمىز:

پادىشاھ بۇ ئىشتىن خوشال بولۇپ، تەملىخاغا يول باشلىتىپ بېرىپ، غار ساھابىلىرىنىڭ سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولۇپتۇ. ئۇلار (غار ساھابىلىرى) تاماق يەپ، تەكرىتە ئالاغا رەھمەت يۈزىسىدىن سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.

يەنە مەسىلەن:

ئول پادىشاھ ئول غار ئىشىكىدە ئۇلۇغ گۈمبەد ياساپ ئۇلارنى مەدفۇن
ئىگە

قىلىپ ئول يەر خەلايىققە ئەزىم مەئبەد بولمىش.
خەۋەر ئىگە خەۋەر

— ناۋايى: «تارىخى ئەنبىيا» دىن

روشەنكى، بۇ مىسالدىكى ئاستى سىزىلغان «قىلىپ» دېگەن ھال پېئىلمۇ «پادىشاھ» تەرىپىدىن ئورۇنلانغان ئىش-ھەرىكەتنى بايان قىلغان مۇستەقىل بىر جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا ئۇنىڭ يېشىمى مۇنداق بولىدۇ:

ئۇ پادىشاھ ئۇ غارنىڭ ئېغىزىغا كاتتا گۈمبەز ياساپ، ئۇلارنى دەپنە قىلىپتۇ. (شۇندىن كېيىن) ئۇ يەر خالايىق ئۈچۈن بىر ئۇلۇغ ئىبادەتخانا بولۇپ قاپتۇ.

مەلۇمكى، چاغاتاي تىلىدىكى قوليازمىلاردا، تىنىش بەلگىلىرى ۋە جۈملە بىلەن جۈملىنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېكىت قاتارلىقلار ئومۇمەن ئىشلىتىلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغاندا، بولۇپمۇ قوليازمىلارنىڭ يېشىمىنى بەرگەندە، ھال پېئىللارنىڭمۇ مۇستەقىل خەۋەر بولۇپ كېلەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئۆزگىچىلىككە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

3. چاغاتاي تىلىدىكى نەزمىي ئەسەرلەردە، ۋەزىن، قاپىيە ۋە شېئىرىي ئاھاڭدارلىقنى كاپالەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن، بەزى ھاللاردا، ئايرىم-ئايرىم شېئىرىي جۈملىگە تەئەللۇق بولغان ئىككى سۆز ئۆز-ئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

جەمالىڭ ۋەسفىنى قىلدىم چەمەندە،

قىزاردى گۈل ئۇياتتىن ئەنجۇمەندە.

— ئاتايى: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دىن

بۇ بېيىتتىكى «چەمەندە» سۆزى بىلەن «ئەنجۇمەندە» سۆزى پەقەت ۋەزىن ئېھتىياجىدىنلا ئۆز-ئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇپ كەلگەن. بىراق، چاغاتاي تىلىدىكى نەزمىي ئەسەرلەردە مۇشۇنداق ئىككى جۈملىگە تەۋە بولغان سۆزلەرنىڭ مۇئەييەن شەرت ئاستىدا، ئۆز-ئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۆزگىچىلىك يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن كىتابنىڭ 157-بېتىدە، مەزكۇر بېيىتنىڭ يېشىمى:

چىمەندە جامالىڭنىڭ تەرىپىنى قىلىۋىدىم،

بەزمىدە گۈل ئىزا تارتىپ قىزىرىپ كەتتى، — دەپ خاتا بېرىلىپ قالغان. بىزنىڭچە مەزكۇر بېيىتنىڭ توغرا يېشىمى تۆۋەندىكىدەك بولۇشى مۇمكىن:

بەزمىدە (ئولتۇرۇشتا) جامالىڭنىڭ تەرىپىنى قىلىۋىدىم،

چىمەنزارلىقتىكى گۈل (ئاڭلاپ قېلىپ، سېنىڭ گۈلدىنمۇ چىرايلىق ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ) ئىزا تارتقىنىدىن قىزىرىپ كەتتى.

4. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، «ھەققىدە // توغرىسىدا، توغرۇلۇق» بىلەن ئىسىملارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىسىم-ئىركەلمە قۇرۇلمىسى مۇئەييەن ھەرىكەت ياكى ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنىنى بىلدۈرۈپ جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ ۋە مەزكۇر ئىسىم-ئىركەلمە قۇرۇلمىسىدىن تۈزۈلگەن ھالەت ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، جەزمەن ئەشۇ ئۆزى مەزمۇنىنى بىلدۈرگەن ھەرىكەت ياكى ھۆكۈم ئوبيېكتىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com

مەن باھار ھەققىدە شېئىر يازدىم.

بۇ خىلدىكى ئىسىم - ئىركەلمە قۇرۇلمىسى پەقەت ئەشۇ ئۆزى مەزمۇنىنى بىلدۈرگەن ھەرىكەت ياكى ھۆكۈمنىڭ ئوبيېكتى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ كۆرسىتىلگەن ئەھۋال ئاستىدىلا، ئاندىن ئالاھىدە كۆرسىتىش بەلگىسى «نى» قوشۇلغان ھالدا، ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ كەينىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

مەن بۇ شېئىرنى باھار ھەققىدە يازدىم.

ئەمدى، چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا «ھەققىدە // توغرۇلۇق // توغرىسىدا» نىڭ يەنە «بارەسىدە، بابىدا، توغراسىدىن، خۇسۇسىدا» قاتارلىق ۋارىيانتلىرىنىمۇ ئۇچرىتىمىز ۋە ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ ئىسىم - ئىركەلمە قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە مەزكۇر ئىسىم - ئىركەلمە قۇرۇلمىسى خۇددى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاشلا جۈملىدە مۇئەييەن ھەرىكەت ياكى ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنىنى بىلدۈرۈپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. بىراق، چاغاتاي تىلىدىكى «ئىسىم + ھەققىدە» قۇرۇلمىسىنىڭ پۈتكۈل جۈملىدىكى ئورنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش نىسبىي جەھەتتىن تۇراقلىشىپ، قېلىپلىشىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن. يەنى «ئىسىم + ھەققىدە» قۇرۇلمىسى ھالەت بولۇپ كەلگەن خىلى نۇرغۇن جۈملىلەردە، مەزكۇر «ئىسىم + ھەققىدە» قۇرۇلمىسىنىڭ، جۈملىدىكى ھەرىكەت ئوبيېكتى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ كۆرسىتىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئوخشاشلا ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ كەينىدە كەلگەنلىكىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن:

(ئۇ) كۆپ ياخشى رىسالە بۇ فەن ھەققىدە پۈتۈدىلەر.

— «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، قولىيازما، 14 - بەت.

يېشىمى: (ئۇ) بۇ پەن ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ياخشى رىسالىلەرنى يازغان.

(ئۇ) رىسالەئى دەۋۋارناملىق بىر كىتاب بۇ فەن خۇسۇسىدا تەسنىف قىلدىلەر.

— يۇقىرقى ئەسەر، قولىيازما، 16 - بەت.

يېشىمى: (ئۇ) بۇ پەن توغرىسىدا «جاھانكەشتىلەر رىسالىسى» ناملىق بىر كىتاب يازدى.

(ئۇ) تەلخىس ئاتلىق بىر كىتاب فەساھەت، بەلاغەت ھەققىدە، خۇسۇسەن قۇرئاننىڭ فەساھەت، بەلاغەتى ھەققىدە ئىجاد قىلدى.

— يۇقىرقى ئەسەر، قولىيازما، 33 - بەت.

يېشىمى:

(ئۇ) پاساھەت ۋە بالاغەت ھەققىدە، بولۇپمۇ قۇرئاننىڭ پاساھەت ۋە بالا-

# يېڭى پەن — ئىختىساسشۇناسلىق ئىلمى

## شېرىن قۇربان

ئىختىساسشۇناسلىق ئىلمى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىمىزدە شەكىللىنىپ گۈللىنىۋاتقان يېڭى بىر پەن. بۇ پەن هازىرقى زامان ئىلمىي ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى بايقاش، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىشنى، شۇنداقلا ئىختىساسلىق خادىملار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىختىساسشۇناسلىق ئىلمىنىڭ بارلىققا كېلىشى تاسادىپيلىققا ئىگە بولماستىن بەلكى تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئىگە. قانداق قىلغاندا مىليونلىغان كىشىلەرنى ئۆز ئىقتىدارلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجادچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ، هازىرقىدىن تېخىمۇ مول بولغان ماددىي ۋە مەنىۋىي بايلىق يارىتالايدىغان قىلغىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ گەۋدىلىك مەسىلە ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى ئىختىساسشۇناسلىق ئىلمىنىڭ هەل قىلىشنى تولىمۇ تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىدى.

مۇشۇنداق تەقەززالىق ئىچىدە، يېڭى پەن — ئىختىساسشۇناسلىق ئىلمى تۆتنى

---

غىتى هەققىدە «ئۇمۇمىي بايان» ناملىق بىر كىتاب تۈزدى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن بىر قانچە نۇقتىلىق مەسىلىلەر ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، چاغاتاي تىلىنىڭ سىنتاكسىس جەهەتتىكى ئالاھىدىلىكى يالغۇزلا ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئەرەبچە-پارسچە ئىزاپەتلەر ۋە بىر قىسىم ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى جەهەتتىلا ئەمەس، بەلكى جۈملە قۇرۇلۇش جەهەتتىكى بىر قاتار ئۆزگىچىلىكلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىچىلىكلەر ئۈستىدە يەنىمۇ ئەترابلىق ئىزدىنىپ، چاغاتاي تىلىنىڭ هەر قايسى تارىخىي دەۋرلىرى بويىچە تەپسىلىي قىلىپ كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. مۇنداق قىلىشنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات تارىخىنى، خۇسۇسەن ئۇنىڭ جۈملە قۇرۇلۇشىنىڭ قېلىپلىشىش جەريانىنى چۈشىنىشتە مۇناسىپ ئەهمىيىتى بار.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

زامانىۋىلاشتۇرۇش تۇپرىقىدا بىخ ئۇرۇپ چىقتى.

1980 - يىل 12 - ئايدا، مەملىكەتلىك ئىختىساسشۇناسلىق تەتقىقاتى خادىملىرى، ئىلمىي تەتقىقاتچىلار ۋە كەلگۈسىشۇناسلىق تەتقىقاتچىلىرى خېفېيدا بىرلەشمە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىختىساسلىق خادىملار مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشنى كۈن تەرتىپىگە قويدى. 1981 - يىل 12 - ئايدا، جۇڭگو ئىختىساسشۇناسلىق تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى شىنياڭدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا ئىختىساسشۇناسلىق ئىلمىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى جاكالاندى.

ئىختىساسشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى - ئىختىساس ئىگىلىرىدۇر. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىختىساس ئىگىلىرى دېگەن ئۇقۇم مۇنداق ئىككى خىل كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىرى، مۇئەييەن ئاساسىي نەزەرىيە بىلىمى ۋە كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولغان، ھەر قايسى ساھەلەردە ئۆز ئىقتىدارىنى نامايەن قىلىپ بەلگىلىك تۆھپە يارىتالايدىغان ئىلغار خادىملار؛ يەنە بىرى، ئاتاقلىق ئىلىم ئەھلىلىرى، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ مول ئىجادچانلىق ئەمگەك ئۈنۈمى ۋە ئىلمىي ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى، ھازىرقى زامان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى ۋە باشقا ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئاساس سالغان. غايەت زور تۆھپە قوشقانلار بولۇپ، بۇلار ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا ئالاھىدە تۈرتكىلىك روللارنى ئوينىغان.

ئىختىساس ئىگىلىرى مەسىلىسى ھەم ئىجتىمائىي پەنلەر دائىرىسىگە ياتىدىغان، ھەم تەبىئىي پەنلەر دائىرىسىگە ياتىدىغان مەسىلە. يەنى، ئۇ بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى تەقەززا قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتى، تەبىئىي خۇسۇسىيىتى (مىجەز، خۇي، خىسلەت) قاتارلىق ئامىللارنىمۇ شەرت قىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئادەمنىڭ خىيال - ئىرادىسىگە باغلىق بولماستىن، بەلكى ئۇ ئۇنىۋېرسال تەسىر مۇھىتىدا چېچەكلەيدۇ، مېۋە بېرىدۇ، ئوچۇقراق ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتى بولىدۇ.

ئىختىساسشۇناسلىق ئىلمى ئۆز تەتقىقاتىدا نۇقتىلىق قىلىپ ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تەرەققىياتى قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تۆرەلمە دەۋرى، بىلىم تەشنالىقى دەۋرى، نام - ئاتاقسىز دەۋرى ۋە شۆھرەت - نوپۇزلۇق دەۋرى دەپ تۆت باسقۇچقا بۆلىنىدۇ. ئىختىساسشۇناسلىق ئىلمى مەركەزلىك ھالدا مۇشۇ تۆت باسقۇچنى مۇھاكىمە قىلىدۇ.

(1) ئىختىساس خادىملىرىنىڭ تۆرەلمە دەۋرىنى تەتقىق قىلىش - مىللەتنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ساغلام، ئەقىل - پاراسەتلىك

بولۇپ يېتىشىپ چىقىش، كۆپلەپ ئىختىساس خادىملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ نۇقتىنى تەتقىق قىلغاندا، يەنە ئىرسىيەتشۇناسلىق، ئەلا سورتلۇق ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىلمى قاتارلىق پەنلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىشقىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

(2) ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ بىلىم تەشنالىقى دەۋرىنى تەتقىق قىلىش — تېخىمۇ كۆپ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زۆرۈر شەرت - شارائىتنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. باشلانغۇچ مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈش — ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ كۆپ، تېز، بالدۇر مەيدانغا كېلىشىدە، بىر ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. بۇ قانۇنىيەت ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش، ئەقىل - پاراسىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇش، پەننىي بىلىملەرنى ئوبدان ئىگىلەش تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، يەنە ئۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارى، تەجرىبە - سىناق قىلىش ئىقتىدارى، مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ئانالىز قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە تەپەككۇر قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتىمۇ مۇھىم كاپالەتلىك رولىنى ئوينايدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، جۇڭگودىن تارتىپ چەت ئەلگىچە، ئىلىم - پەن تارىخىدا ئىختىرا ۋە كەشىپ قىلغانلىكى كىشىلەرنىڭ ئورتاق ماھىيەت ئالاھىدىلىكى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۇلار پىكىر قىلىشقا ماھىر. شۇڭا، پېداگوگىكا ۋە پسىخولوگىيە ئىلىملىرىنى قوللىنىپ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ بىلىم تەشنالىقى دەۋرىدىكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش تولىمۇ زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

(3) ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ نام - ئاتاقسىز دەۋرىنى تەتقىق قىلىش — بۇ ئەمەلىيەتتە ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ كەشىپ ۋە ئىختىرا قىلىشىنىڭ نەۋقىران چېغىنى تەتقىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ۋە ياش كىشىلەر ياكى مول بىلىملەرنى ئىگىلەش، پەننىڭ بۆسۈش ئېغىزىغا قەدەم قويغان، ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەك چوققىسىغا چىقىشقا تەرەددۇت قىلغان بولىدۇ، ياكى بولسا نىشانسىز، قانداق قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالىدىغان بولىدۇ. مۇشۇنداق زور پەرقلەرنىڭ تېگى - تەكتىدىكى سەۋەبىنى ئېنىقلاپ چىقىش — ئىختىساسشۇناسلىق ئىلمىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىدىن بىرى.

(4) ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ شۆھرەت - نوپۇزلۇق دەۋرىنى تەتقىق قىلىش كۆپلىگەن ئىقتىساس ئىگىلىرىنىڭ ئەڭ زور كەشىپ ۋە ئىختىرا قىلىش ئىقتىدارىنى نامايەن قىلدۇرۇش، ھەر ساھە ئالىملارنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشتا مۇھىم تۈرتكە بولىدۇ.

ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تۆت باسقۇچى ئۆزئارا چەمبەرچەس باغلانغان، ئۇلار بىرى بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر - بىرىگە زېمىن يارىتىدۇ. شۇڭا، ئىختىساسشۇناسلىق ئىلمى بۇ تۆت باسقۇچنى تەتقىق قىلغاندا، ھەم ئايرىم تەتقىق قىلىشنى ھەم باغلاشتۇرۇپ ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىشنى يولغا قويۇش لازىم.

ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەتقىق قىلىش — ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتى — جەمئىيەتتىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ كەلمەكتەكى، ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئىچكى ئامىل بىلەن ئىختىساسلىق كىشىلەر بارلىققا كېلىدىغان تاشقى ئامىل — ئىجتىمائىي مۇھىت ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتىپ رول ئوينايدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئامىللار (تاشقى سەۋەب) تەتقىقاتىنى «ماكرولۇق ئىختىساسشۇناسلىق»، ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىچكى سەۋەب — ئامىلى تەتقىقاتىنى «مىكرولۇق ئىختىساسشۇناسلىق» دەپ سۈپەتلەپ ئاتاشمۇ شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

ئىختىساسلىق كىشىلەر تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى ئائىلىۋى تەربىيە، مەكتەپ تەربىيىسى، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە سىياسەتلىرىگە قارىتا مۇناسىپ يېڭى ئىنكاس ۋە تەلەپلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. بۇ تەلەپنىڭ تۈپ ماھىيىتى خىلمۇ - خىل ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللىرى قانۇنىيىتىنى بايقاش ۋە يەكۈنلەپ چىقىشتىن ئىبارەت. دەرۋەقە، بۇ مائارىپ، جەمئىيەت ۋە ئائىلىگە مۇناسىپ تەلەپ قويىدۇ. ئەلۋەتتە، نۇرغۇن ئالىملار ھەققىدىكى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشىدىن، ئەگەر ئۇلارنىڭ كىچىككىدىن تارتىپلا ئورتاق قىزىققان ئالاھىدىلىكلىرى بىلىنسە، بۇ مۇقەررەركى ئائىلە باشلىقلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆز - ھەرىكىتىگە خالىغانچە چەك قويۇشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ.

نۆۋەتتە ئېلىمىزدە ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل بولۇش، بار بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئىسراپ قىلىشتەك ئېغىر ھادىسىلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولماقتا. قانداق قىلغاندا ئوتتۇرا، ياش كەسپىي ئىختىساس خادىملىرىنى بايقاش، تەربىيىلەش، ئۆستۈرۈش، تەرتىپكە سېلىش، دادىللىق بىلەن ئىشلىتىش، مانا بۇ — ئىختىساسشۇناسلىق ئىلمىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئەڭ زور تەتقىقات تېمىسى.

ئىختىساسشۇناسلىق ئىلمى پەنلەر قاتارىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى. ئۇ خۇشپۇراق گۈلگە ئوخشاش ئېچىلىپ جەۋلان قىلغۇسى.

# ئىسلام تارىخ ئالىمى ئەل-تەبەرى

ئابلىمىت روزى

ئەبۇ جەئپەر مۇھەممەد بىننى جەرىر بىننى يەزىد ئەل-تەبەرى 839-(ھىجرى 225-) يىللىرى ئىراننىڭ تەبەرىستان① ئۆلكىسى ئامۇل شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ، بالىلىق چاغلىرىدىلا ئوقۇش-ئۆگىنىشكە ئىنتايىن بېرىلگەن زېھنى ئۆتكۈر، قابىلىيەت ئىگىسى بولۇپ، تارىخ، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، ئىسلام دىنى پەلسەپىسى، قۇرئان، ھەدىس ئىلىملىرىنى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ئامۇل شەھرىدە ئالغان. بەزى تارىخچىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ، 7 ياش چېغىدىلا قۇرئاننى پۈتۈنلەي يادلاپ بولغان. 855-يىللىرى ئۇ، 15 ياشتىن ئاشقان مەزگىللەردە ئاتىسىنىڭ بىۋاسىتە ياردىمى بىلەن تارىخ ۋە ئىسلام دىنى پەلسەپىسى ۋە ھەدىس تەتقىقاتى ئۈچۈن زامانىسىنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغان باغدات، مىسىر، سۈرىيە شەھەرلىرىدىن بەسىر، كۇپە قاتارلىق جايلارغا ئۇزۇن مۇددەتلىك زىيارەت ۋە ساياھەت ئۈچۈن بارغان. ئىككى قېتىم مىسىرغا بېرىپ خېلى مۇددەت تۇرغان. بۇ مەزگىللەردە ئۇ، ئىسلام تارىخىدا ۋەقە بولغان شافى مەزھىپىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇ، ھەر قايسى مەزھەپلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ يېڭىدىن بىر مەزھەپ تەشكىل قىلماق ئۈچۈن كۆپلىگەن ئەسەرلەرمۇ يازغان. بولۇپمۇ ئۇ، تەبەرىستاندىن باغداتقا كېلىشتىن سەل بۇرۇن «ھەنبىلى» مەزھىپىنىڭ قورغۇچىسى ئەھمەد بىننى ھەنبىل ۋاپات بولغانلىقتىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگەن. ئەمما ئۇ، ياش چېغىدىلا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشقان ۋە مىسىر قاتارلىق جايلاردىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك زىيارەتلىرىدىن قايتىپ باغداتقا كەلگىنىدە، ئەھمەد

① تەبەرىستان — ئىراننىڭ ئىلبۇرس تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى مازەندىران ئۆلكىسىگە ئەرەبلەر تەرىپىدىن بېرىلگەن نام. تارىخچى-ئاسترونوم ئەبۇلغىدانىڭ «تەقۋىم ئەل-بولدان» ناملىق ئەسىرىدە خەۋەر بېرىشىچە، بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيە شارائىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، قويۇق ئورمانلار بىلەن قاپلانغان خەلقى ئاساسەن ئوتۇنچىلىق-ياغاچچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇڭا ھەر بىر ئائىلە ھەر بىر ئادەمدە بىرەر دانە پالتا (ئەرەبچە-تەبەر) ساقلاش ئادەت قىلىنغان. ئەرەبلەر 650-يىللىرى بۇ يەرنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئادىتىگە قاراپ پالتا (تەبەر) لەر ئۆلكىسى يەنى «پالتىلار ماكانى» دەپ نام بەرگەن. تەبەرىستاننىڭ شىمالى كاسپى دېڭىزى، جەنۇبى ئىلبۇرس تېغى، شەرقى جۇرجان ئۆلكىسى، غەربى تەرىپى گىلان ئۆلكىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. تەبەرىستاندا ئامۇل سارى، شالۇس، رۇيان، بارفۇرۇش قاتارلىق شەھەرلەر بار.

بىننى ھەنبەلنىڭ تەپسىر ۋە فىقھەدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنى تەنقىد قىلغان. ئەھمەد بىننى ھەنبەلنىڭ مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا قارشى دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بىر مەزگىل سىرتقا چىقماي يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان.

ئەل - تەبەرىنىڭ 976 - يىللارغىچە ئېلان قىلىنغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە كۆپلىگەن ئەسەرلىرى؛ بولۇپمۇ زاماندا شلىرى ئارىسىدا غايەت زور تەسىر قوزغىغان تارىخ، شېئىر - ئەدەبىيات، قۇرئان تەپسىرچىلىقى، ھەدىس تەتقىقاتى قاتارلىق ساھەلەردىكى مەشھۇر ئەسەرلىرى پۈتۈن ئوتتۇرا شەرق ئىسلام دۇنياسىغا تونۇلۇپ زور شۆھرەتكە ئىگە بولغان، ئۇ، بىر تەرەپتىن باغدات، مىسىر قاتارلىق جايلاردىكى ئاتاقلىق مەدرىسەلەردە تالىپلارغا دەرس ئۆتسە، يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىشقا سېلىپ خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت، تارىخ، ھەدىس تەتقىقاتى خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. تارىخچى ئەل - خاتىپ يازغان «باغدات تارىخى» ناملىق كىتابتا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەل - تەبەرى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش يولىغا سەرپ قىلغان 40 يىللىق ھاياتىدا ھەر كۈنى 40 ۋاراقتىن ئەسەر يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن يىغىش، توپلاش، ئەسەر يېزىش ئىشلىرىغا بېرىلىپ، ھېچقانداق بايلىق، مەنپەئەت، ئەمەل — مەنسەپ ئارزۇسىدا بولمىغان. ھەتتا ئاببا سىيلار خەلىپىسىدىن بولغان ئەل — مۇئتەمىد بىللانىڭ ۋەزىرى ئابۇلھەسەن ئۇبەيدۇللا بىننى يەھيا ئەل — خاقانى (877 - يىللار)نىڭ باغداتتا قازىلىق خىزمىتىگە تەيىنلەش تەكلىپىنىمۇ رەت قىلغان. ئۇ يەنە تارىخ، فىقھە، تەپسىر، ۋە قىرائەتتىن باشقا شېئىر يېزىش، لۇغەت تۈزۈش، ئەرەپ تىلىنىڭ سەرپ، نەھۋە (گراماتىكىسى)سى، ئەخلاق ۋە تىببىي ئىلىملەر ھەققىدىمۇ كۆپلىگەن ئەسەرلەر يازغان.

ئەل - تەبەرى 902 - 903 - يىللىرى ئىككىنچى قېتىم ئۆز يۇرتى تەبەرىستانغا كېلىپ قايتقان ۋە 923 — (ھىجرى 310 -) يىلى 22 - فېۋرال 84 يېشىدا باغداتتا ۋاپات بولغان.

× × ×

ئەل - تەبەرىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا يازغان ھەممە ئەسەرلىرى دېگۈدەك زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمىگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدا يېڭى بىر مەزھەپ تەشكىل قىلىش ھەققىدىكى ئەسەرلىرى ئاساسەن يېتىپ كېلەلمىگەندەك «دۇنيا تارىخى» ياكى «ئومۇمى تارىخ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنىڭ تولۇق نۇسخىسىمۇ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. لېكىن ئۇنىڭ ھازىرغىچە ھەر قايسى جايلاردا ساقلىنىپ كەلگەن ئەسەرلىرى 11 پارچە بولۇپ ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى: جامىئۇل - بايان، ئەنتە. ۋىل ئەل - قۇرئان (قىسقارتىلمىسى «ئەل - تەپسىر») نامىلىق ئەسەر بولۇپ، تەبەرى بۇ ئەسىرىدە ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى رەۋىشتە تەپسىر قىلغۇچى مۇپەسسىر

(تەپسىر قىلغۇچى) لارنىڭ ئۇسۇل ۋە مەزمۇنلىرىنى بېيىتىپ قۇرئاننى تەپسىر قىلىشتا ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن چوڭقۇر، ئەتراپلىق تەپسىر قىلىش ئۇسۇلىنى ياراتقان. بۇ ئەسەر 1321 - 1330 - يىللىرى مىسىرنىڭ قاھىرەدە 30 جىلدلىق قىلىپ نەشر قىلىنىپ غايەت زور تەسىر قوزغىغان. يەنە 1955 - 1960 - يىللىرى مىسىر - قاھىرەدە قايتىدىن نەشر قىلىنغان (15 جىلد) بولسىمۇ، تېخى تاماملانمىغان. 977 - يىللىرى سامانىلار خانلىقىنىڭ نۇۋەتتىكى ھۆكمرانى ئەبۇسالىھ مەنسۇر بىننى نۇھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەرەبچىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىمۇ بەزى مەملىكەتلەر كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا.

ئىككىنچى، كىتاب ئەل - ئەخبار ئەل - روسۇل ۋە ئەل - مۇلۇك («پەيغەمبەرلەر ۋە پادىشاھلار ھەققىدە كىتاب») ① بولۇپ، تەبەرىنىڭ ئەڭ مۇھىم تارىخ ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 13 جىلد بولۇپ، 1328 - يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىنغان. كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ ھەر خىل قىسقارتىلمىسى 1939 ۋە 1960 - يىللىرى مىسىر قاھىرە، بېيروت قاتارلىق جايلاردىمۇ نەشر قىلىنغان. ئەل - تەبەرىنىڭ بۇ زور ھەجىمدىكى بىرىنچى نۇسخا دۇنيا تارىخى ھەر قايسى ئاپتورلار تەرىپىدىن بەزىدە قىسقارتىلىپ بەزىلىرى 923 - يىلدىن كېيىنكى ۋەقەلەرنى ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇپ ھەر خىل نۇسخىلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بولۇپمۇ ئەل - تەبەرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىر مۇنچە ئاپتورلار دەرھال قولىغا قەلەم ئېلىپ «تارىخ تەبەرى زەيلى» شەكلىدە ھەر خىل ناملار بىلەن ئەسەرلەر يازغان. ھەتتا شىمالىي ئافرىقا ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق جايلاردىكى ئىسلام تارىخى ۋەقەلىرىمۇ قوشۇمچە قىلىنغان. ئەل - تەبەرىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللا بىننى ئەھمەد ئەل - پەرغانىمۇ (ۋاپاتى 973 - يىل) «سىلات ئەل - تارىخ» قاتارلىق كىتابلار يازغان 30 دىن ئارتۇق ئاپتورلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بىر مۇقەددىمە ۋە تۆت قىسمىغا بۆلۈنگەن بولۇپ. بىرىنچى قىسمى، ئادەم پەيغەمبەر ۋە خانلارنىڭ تارىخى بىلەن باشلىنىپ ئىران سامانىلار خاندانلىقىنىڭ تارىخى بايان قىلىنىدۇ. ئىككىنچى قىسمى، مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە تۆت ساھابىلار تارىخى. ئۈچىنچى قىسمى، ئۇمەييە سولالىسى تارىخى، ۋە ئابباسىيلار تارىخى، تۆتىنچى قىسمى، ھىجرىيە تارىخىنىڭ بېشىدىن باشلاپ ھەر يىلدا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەرنى رېتى بويىچە خاتىرلەش شەكلىدە بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر مىلادىدىن بۇرۇنقى بىر قانچە مىڭ يىللىق ۋەقەلەرنى تاكى ھىجرى 302 - (مىلادىيە 915 -) يىلغىچە بولغان ئەھۋاللار سۆزلىنىپ ئاياقلاشقان. XVII ئەسىردىن كېيىن ئەل - تەبەرىنىڭ بۇ تارىخىي ئەسىرى ھەر

---

① ھازىرقى كۈندە ئۇ خەنزۇچە “先知与国王之史” دەپ ئاتالماقتا

www.uyghurkitap.com

خىل نۇسخىلاردا ئىنگلىز، رۇس، فرانسۇز، تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. بىر تۈركۈم تەتقىقاتچىلار بۇ ئەسەر ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان.

يېقىنقى يىللاردا مەملىكىتىمىزنىڭ بەزى ئالىملىرى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ، ئىسلام تارىخىغا ئالاقىدار ئەسەرلىرىدە «تابالىسى» (先知与国王之史) نامى بىلەن تەبەرى تارىخىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، خېلى كۆپ مەسىلىلەرنى يورۇتۇشتا ئۇنىڭدىن پايدىلانماقتا. (مەسىلەن: «قاراخانىلار تارىخى» ۋېلىياك تاۋ.) بۇ ئەسەر خەنزۇ تىلىغا تېخى تەرجىمە قىلىنمىغان. بۇ ئاپتورلار بولسا رۇس ياكى ئىنگلىز تىللىرىدىكى قىسمىدىن پايدىلانغان.

× × ×

ئەل — تەبەرىنىڭ بۇ زور ھەجىملىك ئومۇمىي تارىخىنىڭ ئەرەپ-پارس تىللىرىدىكى مەلۇم قىسقارتىلما نۇسخىلىرى شىنجاڭدا خېلى ئۇزۇندىن بۇيان «تارىخ تەبەرى» نامى بىلەن ساقلىنىپ كەلمەكتە.

1735-يىلىرى ئاقسۇلۇق ئەدىب، تەرجىمان مۇھەممەد تۆمۈر ئاقسۇيى «تارىخ تەبەرى»نىڭ خېلى زور ھەجىملىك بىر تومىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇ، ھازىر تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ساقلانماقتا. ئەدىب تارىخچى مۇھەممەد سادىق كاشغەرى (1730-1849-يىللار) «تارىخ تەبەرى»ناملىق بۇ كىتابنى 1840-يىللىرى قەشقەر ھاكىمى ئىسكەندەر ۋاڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. تەرجىمان كىتاب تەرجىمىسىنى ئۆتمۈشنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە تەشەببۇس قىلغۇچىنىڭ نامىغا بېغىشلاپ «تارىخ ئىسكەندەرى تاجىنا مەئى شاھى» دەپ ئاتىغان، كىتاب گەرچە 7 توملۇق نۇسخىدىن ئۈچ يىل ئىچىدە تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ 1-2-توملىرىنىڭ تەرجىمە قوليازمىسى تېپىلمىغان بويى $28\cdot\frac{1}{2}$ سانتىمېتر، ئېنى 20 سانتىمېتر، قېلىنلىقى 6 سانتىمېتر، 398 ۋاراق زور ھەجىملىك (خوتەن يىپەك قەغىزىگە، خەتتى پارسى شەكلىدە قومۇل قەلەم بىلەن كۆچۈرۈلگەن). بۇ قوليازما — كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ قەدىمكى كىتابلار ئارخىپىدا ساقلانماقتا. تەرجىمان مۇھەممەد سادىق كاشغەرى كىتابىنىڭ ئەڭ ئاخىرىنى تۆۋەندىكىلەر بىلەن تاماملايدۇ:

كۆنى خىلۋەت ئىچرە بولدۇم قىلمىدىم سەيرى چەمەن
بوستانۇ باغ كۆرمەي نى سەمەرو①نى شەجەر②
جەھد قىلدىم ئۈچ يىل ئىچرە ئەيلىدىم سەئى بەلىغ،
شۈكرەلىللاكىم تامام بولدى خەلەلسىز بى خەتەر.

---

① سەمەر — مېۋە
② شەجەر — دەرەخ
③ جەھد — تىرىشماق

# «چاغاتاي تىلى» ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانى توغرىسىدا

ئابلىمىت ئەھەت

XIII ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەردە ئورتاق قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىق تىلى ئادەتتە «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىلىدۇ. ماھىيەتتە بۇ تىلنىڭ توغرا نامى — ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىق تىلىدۇر. لېكىن بىز ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى ئادەتلەنگەن نامنى نەزەردە تۇتۇش ئېتىبارى بىلەن «چاغاتاي تىلى» دەپ قوللىنىمىز.

«چاغاتاي تىلى» — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خاقانىيە (قاراخانىلار) تىلى ياكى قەشقەر تىلى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇر - قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ جانلىق تىلى بۇ تىلغا دىئالېكت ئاساسى بولۇپ بەرگەن. «چاغاتاي تىلى» دېگەن بۇ نام ئومۇمەن XIII ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان سەككىز ئەسىر مابەينىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«چاغاتاي» دېگەن نام چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى. بۇ تىلنىڭ «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىلىشىغا چاغاتاي خانلىقىنىڭ ۋە چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئورناتقان باشقا خانلىقلارنىڭ بۇ تىلنى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ قوللانغانلىقى سەۋەب بولغان. چىڭگىزخان ئۆلۈش ئالدىدا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق جايلارنى ئۆز ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەن. شۇ چاغدا ھازىرقى شىنجاڭ بىلەن ئامۇ دەريا ئەتراپى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا بۆلۈپ بېرىلگەن. چاغاتاي خانلىق ئوردىسىنى ئىلى دەريا ۋادىسى ئەتراپىغا قۇرغان. چاغاتاي ئۆلگەندىن كېيىن (مىلادى 1241 — 1242 - يىللار)، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شۇ رايونلارنى بىر خانلىق قىلىپ ئۇنى «چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتىغان. كېيىن چاغاتاي خانلىقى ئىككى قىسمىغا بۆلۈنۈپ، ماۋەرا ئۇننەھر قىسمى «غەربىي چاغاتاي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خانلىقى»، يەتتە سۇ رايونى بىلەن ھازىرقى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمى «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى» ياكى «موغۇلىستان خانلىقى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئىككى خانلىق 1348 - يىلى چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈر تەرىپىدىن قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ «موغۇلىستان خانلىقى» دەپ ئاتالغان. 1363 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي (1365 - يىللىرى) بۇ خانلىق يەنە چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان ئاقساق تۆمۈر (تومۇرلەڭ) نىڭ ھۆكمىرانلىقىغا ئۆتكەن.

چاغاتاي ئەۋلادلىرى قانداق نام ئاستىدىكى خانلىقلارنى قۇرۇشتىن قەتئىي نەزەر «چاغاتاي» دېگەن نامنى داۋاملىق قوللانغان. شۇڭا بۇ خانلىقلارنىڭ ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىق تىلىمۇ «چاغاتاي تىلى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

چاغاتاي تىلى فونېتىكا ۋە گراماتىكا جەھەتتىن ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا راۋاجلىنىش بىلەن بىرگە ئۆز تەركىبىگە ئەرەب، پارس تىللىرىدىن نۇرغۇنلىغان سۆز - ئىبارىلەر ۋە بىرمۇنچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

× × ×

IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر، قارلۇق قەبىلىلىرى ئاساسىدا قۇدرەتلىك بىر چوڭ ھاكىمىيەت شەكىللىنىپ، «قاراخانىلار» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. قەشقەر قاراخانىلارنىڭ قىشلىق ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قاراخانىلار خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى ۋە ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى. بۇ ھال قاراخانىلار دائىرىسىدىكى بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشتى. شۇنداق قىلىپ، قاراخانىلار ئۇيغۇرلىرى بىر تەرەپتىن ئەنئەنىۋىي تۈرك - ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى تۈرك - ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە سىڭدۈردى.

قاراخانىلارنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە يېڭىدىن شەكىللەنگەن ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى تېز سۈرئەت بىلەن گۈللەپ ياشنىدى. تىلشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، تېبابەتچىلىك ھۈنەر - كەسىپ، قىسقىسى، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىش — قاراخانىلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق تەبىقىسىنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتىغا ئايلانغان ئىدى. بۇ ھال چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىي تىلىنىڭ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

دەرۋەقە، «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئەرەب ۋە پارس تىلى ئامىللىرىنىڭ كۆپلەپ

كىرىشى، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ياشىغان رايون-
لارغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئاساسەن ئەرەب، پارس
تىللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقى، ئەرەب، پارس تىلىدا ئوقۇغان ۋە بۇ تىلنى
مۇكەممەل ئىگىلىگەن زىيالىيلارنىڭ كۆپىيىشكە باشلىغانلىقى، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي
ئەسەرلەرنى تولاراق ئەرەب ياكى پارس تىلىدا يېزىش مودا بولۇپ قېلىشىنىڭ
ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مانامۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا
ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت يېڭى ئۇقۇملار ئەرەبچە ياكى پارسچە
ئاتىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئەسلىدىن بار بولغان
ئاتالغۇلارمۇ ئەرەب، پارس ئاتالغۇلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلغان ياكى پاراللېل ھالدا
قوللىنىلغان. شۇنداقلا، ئەرەپ ياكى پارس تىلىغا تەقلىد قىلىنغان جۈملە شەكىللىرىمۇ
تەدرىجى كۆپەيگەن. ھەتتا لۇتفى، سەككاكى، ناۋائى قاتارلىق ئۇلۇغ ئەدىبلەر ئۆز
دەۋرىدىكى «تۈركىي تىل بىلەن شېئىر يازغىلى بولمايدۇ» دەيدىغان خاتا پىكىر
ئېقىمىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلغان ۋە تۈركىي تىل بىلەن ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەر
يېزىپ، ئۇنى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ
ئۆزلىرىمۇ ئەسەرلىرىدە ئەرەبچە، پارسچە ئامىللارنى كۆپلەپ قوللىنىشتىن خالى
بولالمىدى.» شۇنداق قىلىپ، فونېتىكا ۋە گىرامماتىكا جەھەتتىن ئاساسەن قەدىمكى
ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا راۋاجلانغان، لېكىن لېكسىكا جەھەتتىن ئەرەبچە،
پارسچە ئامىللارنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان ئەدەبىي تىل — چاغاتاي تىلى بارلىققا كەلدى.

× × ×

مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، تۈرلۈك تەرەققىيات
باسقۇچلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كەلدى. تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلغان بىر
مۇنچە ئالىملار ئالتايىست ئالىملارنىڭ تارىخى ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقات-
لىرىغا ئاساسەن تۈركىي تىللارنىڭ شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى
مۇنداق ئالتە باسقۇچقا بۆلىدۇ

1 › ئالتاي دەۋرى ياكى ئالتاي تىللىرى دەۋرى.

2 › ھون دەۋرى (مىلاددىن ئاۋالقى III ئەسىردىن مىلاددىن كېيىنكى V ئەسىرگىچە).

3 › قەدىمكى تۈركىي تىللار دەۋرى (V ئەسىردىن X ئەسىرگىچە).

4 › ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي تىللار دەۋرى (X — XVI ئەسىرلەر). بۇ دەۋر تۈركىي تىللار تەرەققىياتىدا جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم دەۋر بولۇپ، «چاغاتاي ئەدەبىي تىلى» مۇشۇ دەۋرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا شەكىللەنگەن.

5 › ھەرقايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ۋە يېڭى تۈركىي تىللارنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى (XV — XIX ئەسىرلەر).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

6) هازىرقى زامان ئەدەبىي تىللىرىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى. بۇ ئالتە دەۋرنى ھەممە تۈركىي تىللار ئوخشاش باشتىن كەچۈرمىگەن. ئەمما ئۇيغۇر تىلى مۇشۇ دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگىدەك باشتىن كەچۈرگەن.

ئۇيغۇر تىلى ۋە قەدىمكى تۈركىي تىللار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان يەنە بەزى ئالىملار تۈركىي تىللار تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرىقى ئالتە دەۋرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەدبىق قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى تەرەققىيات تارىخىنى مۇنداق ئۈچ چوڭ دەۋرگە بۆلىدۇ،

1) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى. بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە يەنە ئەڭ قەدىمكى دەۋر (مىلادى V ئەسىرگىچە) ۋە قەدىمكى دەۋر (V — XIII ئەسىرلەر) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

2) ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى. بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە يەنە ئاۋالقى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى (XI — XIV ئەسىرلەر) ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى (XV — XVI ئەسىرلەر) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

3) يېڭى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى. بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە يەنە كېيىنكى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچى (XVII — XIX ئەسىرلەر) ۋە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچى (XX ئەسىر) دېگەن باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى (ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى ۋە يېڭى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى) تۆۋەندىكىدەك تۆت باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن:

1) قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار دەۋرى (XI ئەسىر). ئۇيغۇرتىلىنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىكى تەرەققىيات باسقۇچى ئەڭ مۇھىم باسقۇچلارنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە «ئالتۇن يارۇغ»، «قۇتادغۇ بىلىگ» ۋە «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلى بىزگە ئۇيغۇر كىلاسسىك تىلىنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىلىرىنى بېرىدۇ.

2) سىردەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى بىلەن خارەزمنى مەركەز قىلغان ئوغۇز - قىپچاق دەۋرى (XII — XIV ئەسىرلەر). خارەزمى تەرىپىدىن يېزىلغان «مۇھەببەتنامە»، قۇتبى تەرىپىدىن يېزىلغان «خۇسرو ۋە شىرىن »، «گۇلىستان تەرجىمىسى» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسەرلەر بۇ دەۋرگە (يەنى ئوغۇز - قىپچاق ئەدەبىي تىلغا) ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئەسەرلەر تىلىدا ئوغۇز تىلى ئامىللىرى كۆپرەك ساقلانغان. بۇلاردىن باشقا رابغۇزىنىڭ «قىسەسۇلئەنبىيا» سى ۋە شۇ دەۋردە يېزىلغان «قۇرئان تەفسىرى» ئۇيغۇر - قارلۇق ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە ئۆزگەرگە ئاز - تولا ئوغۇز تىلى ئامىللىرىنى سىڭدۈرۈپ شەكىللەندى.

3) چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئومۇمىي قىسمىنى مەركەز قىلغان «چاغاتاي» دەۋرى.

4 › هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى.

«چاغاتاي» دەۋرى XIII ئەسىردىن XX ئەسىرگىچە داۋاملاشقان. بۇ دەۋرنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

1 › ئاۋالقى چاغاتاي تىلى باسقۇچى (XIV — XV ئەسىرنىڭ باشلىرى). بۇ باسقۇچقا خارەزمى، ئاتايى، لۇتفى، سەككاكى ... قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ.

2 › كلاسسىك چاغاتاي تىلى باسقۇچى (XV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە XVI ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى). بۇ باسقۇچقا ناۋائى، بابۇر،... قاتارلىقلار - نىڭ ئەسەرلىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ.

3 › كېيىنكى چاغاتاي تىلى باسقۇچى (XVI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن XIX ئەسىرگىچە). بۇ باسقۇچقا خىرقىتى، نىزارى، مۇھەممەت سادىق كاشغەرى، زەلىلى، نۆبىتى، ... قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئومۇمەن، «يەتتە سۇ، ئىلى ۋادىسى، قەشقەرىيە، جۇڭغارىيە ۋە تۇرپان ئويمانلىقى تۇغلۇق تۆمۈر تەرىپىدىن قۇرۇلغان مۇغۇلىستان خانلىقى تەۋەسىدە پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، قارلۇق - ئۇيغۇر قەبىلە تىللىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن خاقانىيە تىلى بىلەن ئۇيغۇر - ئوغۇز قەبىلە تىللىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن پەرقلەر ئاساسەن تۈگىدى. خاقانىيە تىلىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىغا كۆپلەپ كىرگەن ئەرەبچە، پارىسچە سۆزلەر ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدە ئىستىمال قىلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى شەكىللەندى. بۇ ئەدەبىي تىل پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ناۋائى دەۋرىگىچە «ئۇيغۇر تىلى» ياكى «قەشقەر تىلى»، «قەشقەر تۈركچىسى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىپ كەلدى ...». ھەمدە بۇ تىل — «چاغاتاي تىلى» ناۋائى دەۋرىگە كەلگەندە راساۋايىغا يەتتى.

※※※※※※※※※※※

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

(چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى)

| ھىجرىيە يىل تەرتىپى / مىلادىيە يىل تەرتىپى / ئايرىمىسى / ھىجرىيە ئاي تەرتىپى | 961 | | | 962 | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1553 - 1554 | | | 1554 - 1555 | | | |
| | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | كۈنلەر | مىلادى ئايلىرى | ھەپتە | |
| 1 | 7 | 12 | 5 | 26 | 11 | 2 | ھەر ئىككى كالىندارنىڭ |
| 2 | 6 | 1 | 7 | 26 | 12 | 14 | كۈن، ھەپتىلىرى ئوخشاش |

## ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىپى

1. ئەلمۇھەررەم — Əlmuhərrəm
2. سەپەر — Səpər
3. رەبىئۇل ئەۋۋەل — Rəbiul əwwəl
4. رەبىئۇسسانى — Rəbiussani
5. جامادىيەل ئەۋۋەل — Jamadiyəl əwwəl
6. جامادىيەل ئاخىر — Jamadiyəl ahir
7. رەجەپ — Rəjəp
8. شەئبان — Xə›ban
9. رامازان — Ramazan
10. شەۋۋال — Xəwwal
11. زۇلقەئدە — Zulkə’də
12. زۇلھىججە — Zulhijjə

| 193 | 961<br>1553 - 1554 | 962<br>1554 - 1555 | 963<br>1555 - 1556 | 964<br>1556 - 1557 | 965<br>1557 - 1558 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 7 .12 .5 | 26.11.2 | 16.11.7 | 4.11.4 | 24.10.1 |
| 2 | 6 .1 .7 | 26.12.4 | 16.12.2 | 4.12.6 | 23.11.3 |
| 3 | 4 .2 .1 | 24.1.5 | 14.1.3 | 2.1.7 | 22.12.4 |
| 4 | 6 .3 .3 | 23.2.7 | 13.2.5 | 1.2.2 | 21.1.6 |
| 5 | 4.4 .4 | 24.3.1 | 13.3.6 | 2.3.3 | 19.2.7 |
| 6 | 4.5.6 | 23.4.3 | 12.4.1 | 1.4.5 | 21.3.2 |
| 7 | 2.6 .7 | 22.5.4 | 11.5.2 | 30.4.6 | 19.4.3 |
| 8 | 2.7.2 | 21.6.6 | 10.6.4 | 30.5.1 | 19.5.5 |
| 9 | 31.7.3 | 20.7.7 | 9.7.5 | 28.6.2 | 17.6.6 |
| 10 | 30.8.5 | 19.8.2 | 8.8.7 | 28.7.4 | 17.7.1 |
| 11 | 28.9.6 | 17.9.3 | 6.9.1 | 26.8.5 | 15.8.2 |
| 12 | 28.10.1 | 17.10.5 | 6.10.3 | 25.9.7 | 14.9.4 |

| 194 | 966<br>1558 - 1559 | 967<br>1559 - 1560 | 968<br>1560 - 1561 | 969<br>1561 - 1562 | 970<br>1562 - 1563 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 14.10.6 | 3.10.3 | 22.9.1 | 11.9.5 | 31.8.2 |
| 2 | 13.11.1 | 2.11.5 | 22.10.3 | 11.10.7 | 30.9.4 |
| 3 | 12.12.2 | 1.12.6 | 20.11.4 | 9.11.1 | 29.10.5 |
| 4 | 11.1.4 | 31.12.1 | 20.12.6 | 9.12.3 | 28.11.7 |
| 5 | 9.2.5 | 29.1.2 | 18.1.7 | 7.1.4 | 27.12.1 |
| 6 | 11.3.7 | 28.2.4 | 17.2.2 | 6.2.6 | 26.1.3 |
| 7 | 9.4.1 | 28.3.5 | 18.3.3 | 7.3.7 | 24.2.4 |
| 8 | 9.5.5 | 27.4.7 | 17.4.5 | 6.4.2 | 26.3.6 |
| 9 | 7.6.4 | 26.5.1 | 16.5.6 | 5.5.3 | 24.4.7 |
| 10 | 7.7.6 | 25.6.3 | 15.6.1 | 4.6.5 | 24.5.2 |
| 11 | 5.8.7 | 24.7.4 | 14.7.2 | 3.7.6 | 22.6.3 |
| 12 | 4.9.2 | 23.8.6 | 13.8.4 | 2.8.1 | 22.7.5 |

www.uyghurkitap.com

| 195 | 971<br>1563 - 1564 | 972<br>1564-1565 | 973<br>1565-1566 | 974<br>1566-1567 | 975<br>1567-1568 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 21.8.7 | 9.8.4 | 29.7.1 | 19.7.6 | 8.7.3 |
| 2 | 20.9.2 | 8.9.6 | 28.8.3 | 18.8.1 | 7.8.5 |
| 3 | 19.10.3 | 7.10.7 | 26.9.4 | 16.9.2 | 5.9.6 |
| 4 | 18.11.5 | 6.11.2 | 26.10.6 | 16.10.4 | 5.10.1 |
| 5 | 17.12.6 | 5.12.3 | 24.11.7 | 14.11.5 | 3.11.2 |
| 6 | 16.1.1 | 4.1.5 | 24.12.2 | 14.12.7 | 3.12.4 |
| 7 | 14.2.2 | 2.2.6 | 22.1.3 | 12.1.1 | 1.1.5 |
| 8 | 15.3.4 | 4.3.1 | 21.2.5 | 11.2.3 | 31.1.7 |
| 9 | 13.4.5 | 2.4.2 | 22.3.6 | 12.3.4 | 29.2.1 |
| 10 | 13.5.7 | 2.5.4 | 21.4.1 | 11.4.6 | 30.3.3 |
| 11 | 11.6.1 | 31.5.5 | 20.5.2 | 10.5.7 | 28.4.4 |
| 12 | 11.7.3 | 30.6.7 | 19.6.4 | 9.6.2 | 28.5.6 |

| 196 | 976<br>1568—1569 | 977<br>1569—1570 | 978<br>1570—1571 | 979<br>1571—1572 | 980<br>1572—1573 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 26.6.7 | 16.6.5 | 5.6.2 | 26.5.7 | 14.5.4 |
| 2 | 26.7.2 | 16.7.7 | 5.7.4 | 25.6.2 | 13.6.6 |
| 3 | 24.8.3 | 14.8.1 | 3.8.5 | 24.7.3 | 12.7.7 |
| 4 | 23.9.5 | 13.9.3 | 2.9.7 | 23.8.5 | 11.8.2 |
| 5 | 22.10.6 | 12.10.4 | 1.10.1 | 21.9.6 | 9.9.3 |
| 6 | 21.11.1 | 11.11.6 | 31.10.3 | 21.10.1 | 9.10.5 |
| 7 | 20.12.2 | 10.12.7 | 29.11.4 | 19.11.2 | 7.11.6 |
| 8 | 19.1.4 | 9.1.2 | 29.12.6 | 19.12.4 | 7.12.1 |
| 9 | 17.2.5 | 7.2.3 | 27.1.7 | 17.1.5 | 5.1.2 |
| 10 | 19.3.7 | 9.3.5 | 26.2.2 | 16.2.7 | 4.2.4 |
| 11 | 17.4.1 | 7.4.6 | 27.3.3 | 16.3.1 | 5.3.5 |
| 12 | 17.5.3 | 7.5.1 | 26.4.5 | 15.4.3 | 4.4.7 |

| 197 | 981<br>1573—1574 | 982<br>1574—1575 | 983<br>1575—1576 | 984<br>1576—1577 | 985<br>1577—1578 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 3.5.1 | 23.4.6 | 12.4.3 | 31.3.7 | 21.3.5 |
| 2 | 2.6.3 | 23.5.1 | 12.5.5 | 30.4.2 | 20.4.7 |
| 3 | 1.7.4 | 21.6.2 | 10.6.6 | 29.5.3 | 19.5.1 |
| 4 | 31.7.6 | 21.7.4 | 10.7.1 | 28.6.5 | 18.6.3 |
| 5 | 29.8.7 | 19.8.5 | 8.8.2 | 27.7.6 | 17.7.4 |
| 6 | 28.9.2 | 18.9.7 | 7.9.4 | 26.8.1 | 16.8.6 |
| 7 | 27.10.3 | 17.10.1 | 6.10.5 | 24.9.2 | 14.9.7 |
| 8 | 26.11.5 | 16.11.3 | 5.11.7 | 24.10.4 | 14.10.2 |
| 9 | 25.12.6 | 15.12.4 | 4.12.1 | 22.11.5 | 12.11.3 |
| 10 | 24.1.1 | 14.1.6 | 3.1.3 | 22.12.7 | 12.12.5 |
| 11 | 22.2.2 | 12.2.7 | 1.2.4 | 20.1.1 | 10.1.6 |
| 12 | 24.3.4 | 14.3.1 | 2.3.6 | 19.2.3 | 9.2.1 |

| 198 | 986<br>1578-1579 | 987<br>1579-1580 | 988<br>1580-1581 | 989<br>1581 | 990<br>1582 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 10.3.2 | 28.2.7 | 17.2.4 | 5.2.1 | 26.1.6 |
| 2 | 9.4.4 | 30.3.2 | 18.3.6 | 7.3.3 | 25.2.1 |
| 3 | 8.5.5 | 28.4.3 | 16.4.7 | 5.4.4 | 26.3.2 |
| 4 | 7.6.7 | 28.5.5 | 16.5.2 | 5.5.6 | 25.4.4 |
| 5 | 6.7.1 | 26.6.6 | 14.6.3 | 3.6.7 | 24.5.5 |
| 6 | 5.8.3 | 26.7.1 | 14.7.5 | 3.7.2 | 23.6.7 |
| 7 | 3.9.4 | 24.8.2 | 12.8.6 | 1.8.3 | 22.7.1 |
| 8 | 3.10.6 | 23.9.4 | 11.9.1 | 31.8.5 | 21.8.3 |
| 9 | 2.11.7 | 22.10.5 | 10.10.2 | 29.9.6 | 19.9.4 |
| 10 | 1.12.2 | 21.11.7 | 9.11.4 | 29.10.1 | 29.10.6 |
| 11 | 30.12.3 | 20.12.1 | 8.12.5 | 27.11.2 | 27.11.7 |
| 12 | 29.1.5 | 19.1.3 | 7.1.7 | 27.12.4 | 27.12.2 |

www.uyghurkitap.com

| 199 | 991<br>1583 | 992<br>1584 | 993<br>1585 | 994<br>1585 - 1586 | 995<br>1586 - 1587 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 25.1.3 | 14.1.7 | 3.1.5 | 23.12.2 | 12.12.6 |
| 2 | 24.2.5 | 13.2.2 | 2.2.7 | 22.1.4 | 11.1.1 |
| 3 | 25.3.6 | 13.3.3 | 3.3.1 | 20.2.5 | 9.2.2 |
| 4 | 24.4.1 | 12.4.5 | 2.4.3 | 22.3.7 | 11.3.4 |
| 5 | 23.5.2 | 11.5.6 | 1.5.4 | 20.4.1 | 9.4.5 |
| 6 | 22.6.4 | 10.6.1 | 31.5.6 | 20.5.3 | 9.5.7 |
| 7 | 21.7.5 | 9.7.2 | 29.6.7 | 18.6.4 | 7.6.1 |
| 8 | 20.8.7 | 8.8.4 | 29.7.2 | 18.7.6 | 7.7.3 |
| 9 | 18.9.1 | 6.9.5 | 27.8.3 | 16.8.7 | 5.8.4 |
| 10 | 18.10.3 | 6.10.7 | 26.9.5 | 15.9.2 | 4.9.6 |
| 11 | 16.11.4 | 4.11.1 | 25.10.6 | 14.10.3 | 3.10.7 |
| 12 | 16.12.6 | 4.12.3 * | 24.11.1 | 13.11.5 | 2.11.2 * |

| 200 | 996<br>1587 - 1588 | 997<br>1588 - 1589 | 998<br>1589 - 1590 | 999<br>1590 - 1591 | 1000<br>1591 - 1592 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2.12.4 | 20.11.1 | 10.11.6 | 30.10.3 | 19.10.7 |
| 2 | 1.1.6 | 20.12.3 | 10.12.1 | 29.11.5 | 18.11.2 |
| 3 | 30.1.7 | 18.1.4 | 8.1.2 | 28.12.6 | 17.12.3 |
| 4 | 29.2.2 | 17.2.6 | 7.2.4 | 27.1.1 | 16.1.5 |
| 5 | 29.3.3 | 18.3.7 | 8.3.5 | 25.2.2 | 14.2.6 |
| 6 | 28.4.5 | 17.4.2 | 7.4.7 | 27.3.4 | 15.3.1 |
| 7 | 27.5.6 | 16.5.3 | 6.5.1 | 25.4.5 | 13.4.2 |
| 8 | 26.6.1 | 15.6.5 | 5.6.3 | 25.5.7 | 13.5.4 |
| 9 | 25.7.2 | 14.7.6 | 4.7.4 | 23.6.1 | 11.6.5 |
| 10 | 24.8.4 | 13.8.1 | 3.8.6 | 23.7.3 | 11.7.7 |
| 11 | 22.9.5 | 11.9.2 | 1.9.7 | 21.8.4 | 9.8.1 |
| 12 | 22.10.7 | 11.10.4 * | 1.10.2 | 20.9.6 | 8.9.3 * |

| 201 | 1001<br>1592 - 1593 | 1002<br>1593 - 1594 | 1003<br>1594 - 1595 | 1004<br>1595—1596 | 1005<br>1596—1597 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 8.10.5 | 27.9.2 | 16.9.6 | 6.9.4 | 25.8.1 |
| 2 | 7.11.7 | 27.10.4 | 16.10.1 | 6.10.6 | 24.9.3 |
| 3 | 6.12.1 | 25.11.5 | 14.11.2 | 4.11.7 | 23.10.4 |
| 4 | 5.1.3 | 25.12.7 | 14.12.4 | 4.12.2 | 22.11.6 |
| 5 | 3.2.4 | 23.1.1 | 12.1.5 | 2.1.3 | 21.12.7 |
| 6 | 5.3.6 | 22.2.3 | 11.2.7 | 1.2.5 | 20.1.2 |
| 7 | 3.4.7 | 23.3.4 | 12.3.1 | 1.3.6 | 18.2.3 |
| 8 | 3.5.2 | 22.4.6 | 11.4.3 | 31.3.1 | 20.3.5 |
| 9 | 1.6.3 | 21.5.7 | 10.5.4 | 29.4.2 | 18.4.6 |
| 10 | 1.7.5 | 20.6.2 | 9.6.6 | 29.5.4 | 18.5.1 |
| 11 | 30.7.6 | 19.7.3 | 8.7.7 | 27.6.5 | 16.6.2 |
| 12 | 29.8.1 | 18.8.5 * | 7.8.2 | 27.7.7 | 16.7.4 * |

| 202 | 1006<br>1597 - 1598 | 1007<br>1598 - 1599 | 1008<br>1599 - 1600 | 1009<br>1600 - 1601 | 1010<br>1601- 1602 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 14.8.5 | 4.8.3 | 24.7.7 | 13.7.5 | 2.7.2 |
| 2 | 13.9.7 | 3.9.5 | 23.8.2 | 12.8.7 | 1.8.4 |
| 3 | 12.10.1 | 2.10.6 | 21.9.3 | 10.9.1 | 30.8.5 |
| 4 | 11.11.3 | 1.11.1 | 21.10.5 | 10.10.3 | 29.9.7 |
| 5 | 10.12.4 | 30.11.2 | 19.11.6 | 8.11.4 | 28.10.1 |
| 6 | 9.1.6 | 30.12.4 | 19.12.1 | 8.12.6 | 27.11.3 |
| 7 | 7.2.7 | 28.1.5 | 17.1.2 | 6.1.7 | 26.12.4 |
| 8 | 9.3.2 | 27.2.7 | 16.2.4 | 5.2.2 | 25.1.6 |
| 9 | 7.4.3 | 28.3.1 | 16.3.5 | 6.3.3 | 23.2.7 |
| 10 | 7.5.5 | 27.4.3 | 15.1.7 | 5.4.5 | 25.3.2 |
| 11 | 5.6.6 | 26.5.4 | 14.5.1 | 4.5.6 | 23.4.3 |
| 12 | 5.7.1 * | 25.6.6 | 13.6.3 * | 3.6.1 | 23.5.5 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| 203 | 1011<br>1602—1603 | 1012<br>1603—1604 | 1013<br>1604—1605 | 1014<br>1605—1606 | 1015<br>1606—1607 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 21.6.6 | 11.6.4 | 30.5.1 | 19.5.5 | 9.5.3 |
| 2 | 21.7.1 | 11.7.6 | 29.6.3 | 18.6.7 | 8.6.5 |
| 3 | 19.8.2 | 9.8.7 | 28.7.4 | 17.7.1 | 7.7.6 |
| 4 | 18.9.4 | 8.9.2 | 27.8.6 | 16.8.3 | 6.8.1 |
| 5 | 17.10.5 | 7.10.3 | 25.9.7 | 14.9.4 | 4.9.2 |
| 6 | 16.11.7 | 6.11.5 | 25.10.2 | 14.10.6 | 4.10.4 |
| 7 | 25.12.1 | 5.12.6 | 23.11.3 | 12.11.7 | 2.11.5 |
| 8 | 14.1.3 | 4.1.1 | 23.12.5 | 12.12.2 | 2.12.7 |
| 9 | 12.2.4 | 2.2.2 | 21.1.6 | 10.1.3 | 31.12.1 |
| 10 | 14.3.6 | 3.3.4 | 20.2.1 | 9.2.5 | 30.1.3 |
| 11 | 12.4.7 | 1.4.5 | 21.3.2 | 10.3.6 | 28.2.4 |
| 12 | 12.5.2 * | 1.5.7 | 20.4.4 | 9.4.1 * | 30.3.6 |

| 204 | 1016<br>1607—1608 | 1017<br>1608—1609 | 1018<br>1609—1610 | 1019<br>1610—1611 | 1020<br>1611—1612 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 28.4.7 | 17.4.5 | 6.4.2 | 26.3.6 | 16.3.4 |
| 2 | 28.5.2 | 17.5.7 | 6.5.4 | 25.4.1 | 15.4.6 |
| 3 | 26.6.3 | 15.6.1 | 4.6.5 | 24.5.2 | 14.5.7 |
| 4 | 26.7.5 | 15.7.3 | 4.7.7 | 23.6.4 | 13.6.2 |
| 5 | 24.8.6 | 13.8.4 | 2.8.1 | 22.7.5 | 12.7.3 |
| 6 | 23.9.1 | 12.9.6 | 1.9.3 | 21.8.7 | 11.8.5 |
| 7 | 22.10.2 | 11.10.7 | 30.9.4 | 19.9.1 | 9.9.6 |
| 8 | 21.11.4 | 10.11.2 | 30.10.6 | 19.10.3 | 9.10.1 |
| 9 | 20.12.5 | 9.12.3 | 28.11.7 | 17.11.4 | 7.11.2 |
| 10 | 19.1.7 | 8.1.5 | 28.12.2 | 17.12.6 | 7.12.4 |
| 11 | 17.2.1 | 6.2.6 | 26.1.3 | 15.1.7 | 5.1.5 |
| 12 | 18.3.3 * | 8.3.1 | 25.2.5 | 14.2.2 * | 4.2.7 |

| 205 | 1021<br>1612 - 1613 | 1022<br>1613 - 1614 | 1023<br>1614 - 1615 | 1024<br>1615 | 1025<br>1616 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 4.3.1 | 21.2.5 | 11.2.3 | 31.1.7 | 20.1.4 |
| 2 | 3.4.3 | 23.3.7 | 13.3.5 | 2.3.2 | 19.2.6 |
| 3 | 2.5.4 | 21.4.1 | 11.4.6 | 31.3.3 | 19.3.7 |
| 4 | 1.6.6 | 21.5.3 | 11.5.1 | 30.4.5 | 18.4.2 |
| 5 | 30.6.7 | 19.6.4 | 9.6.2 | 29.5.6 | 17.5.3 |
| 6 | 30.7.2 | 19.7.6 | 9.7.4 | 28.6.1 | 16.6.5 |
| 7 | 28.8.3 | 17.8.7 | 7.8.5 | 27.7.2 | 15.7.6 |
| 8 | 27.9.5 | 16.9.2 | 6.9.7 | 26.8.4 | 14.8.1 |
| 9 | 26.10.6 | 15.10.3 | 5.10.1 | 24.9.5 | 12.9.2 |
| 10 | 25.11.1 | 14.11.5 | 4.11.3 | 24.10.7 | 12.10.4 |
| 11 | 24.12.2 | 13.12.6 | 3.12.4 | 22.11.1 | 10.11.5 |
| 12 | 23.1.4 | 12.1.1<br>* | 2.1.6 | 22.12.3 | 10.12.7<br>* |

| 206 | 1026<br>1617 | 1027<br>1617 - 1618 | 1028<br>1618 - 1619 | 1029<br>1619 - 1620 | 1030<br>1620 - 1621 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 9.1.2 | 29.12.6 | 19.12.4 | 8.12.1 | 26.11.5 |
| 2 | 8.2.4 | 28.1.1 | 18.1.6 | 7.1.3 | 26.12.7 |
| 3 | 9.3.5 | 26.2.2 | 16.2.7 | 5.2.4 | 24.1.1 |
| 4 | 8.4.7 | 28.3.4 | 18.3.2 | 6.3.6 | 23.2.3 |
| 5 | 7.5.1 | 26.4.5 | 16.4.3 | 4.4.7 | 24.3.4 |
| 6 | 6.6.3 | 26.5.7 | 16.5.5 | 4.5.2 | 23.4.6 |
| 7 | 5.7.4 | 24.6.1 | 14.6.6 | 2.6.3 | 22.5.7 |
| 8 | 4.8.6 | 24.7.3 | 14.7.1 | 2.7.5 | 21.6.2 |
| 9 | 2.9.7 | 22.8.4 | 12.8.2 | 31.7.6 | 20.7.3 |
| 10 | 2.10.2 | 21.9.6 | 11.9.4 | 30.8.1 | 19.8.5 |
| 11 | 31.10.3 | 20.10.7 | 10.10.5 | 28.9.2 | 17.9.6 |
| 12 | 30.11.5 | 19.11.2<br>* | 9.11.7 | 28.10.4 | 17.10.1<br>* |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| 207 | 1031<br>1621 - 1622 | 1032<br>1622 - 1623 | 1033<br>1623 - 1624 | 1034<br>1624 - 1625 | 1035<br>1625 - 1626 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 16.11.3 | 5.11.7 | 25.10.4 | 14.10.2 | 3.10.6 |
| 2 | 16.12.5 | 5.12.2 | 24.11.6 | 13.11.4 | 2.11.1 |
| 3 | 14.1.6 | 3.1.3 | 23.12.7 | 12.12.5 | 1.12.2 |
| 4 | 13.2.1 | 2.2.5 | 22.1.2 | 11.1.7 | 31.12.4 |
| 5 | 14.3.2 | 3.3.6 | 20.2.3 | 6.2.1 | 29.1.5 |
| 6 | 13.4.4 | 2.4.1 | 21.3.5 | 11.3.3 | 29.2.7 |
| 7 | 12.5.5 | 1.5.2 | 19.4.6 | 9.4.4 | 29.3.1 |
| 8 | 11.6.7 | 31.5.4 | 19.5.1 | 9.5.6 | 28.4.3 |
| 9 | 10.7.1 | 29.6.5 | 17.6.2 | 7.6.7 | 27.5.4 |
| 10 | 9.8.3 | 29.7.7 | 17.7.4 | 7.7.2 | 26.6.6 |
| 11 | 7.9.4 | 27.8.1 | 15.8.5 | 5.8.3 | 25.7.7 |
| 12 | 7.10.6 | 26.9.3 | 14.9.7 | 4.9.5 | 24.8.2 |

| 208 | 1036<br>1626 - 1627 | 1037<br>1627 - 1628 | 1038<br>1628 - 1629 | 1039<br>1629 - 1630 | 1040<br>1630 - 1631 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 22.9.3 | 12.9.1 | 31.8.5 | 21.8.3 | 10.8.7 |
| 2 | 22.10.5 | 12.10.3 | 30.9.7 | 20.9.5 | 9.9.2 |
| 3 | 20.11.6 | 10.11.4 | 29.10.1 | 19.10.6 | 8.10.3 |
| 4 | 20.12.1 | 10.12.6 | 28.11.3 | 18.11.1 | 7.11.5 |
| 5 | 18.1.2 | 8.1.7 | 27.12.4 | 17.12.2 | 6.12.6 |
| 6 | 17.2.4 | 7.2.2 | 26.1.6 | 16.1.4 | 5.1.1 |
| 7 | 18.3.5 | 7.3.3 | 24.2.7 | 14.2.5 | 3.2.2 |
| 8 | 17.4.7 | 6.4.5 | 26.3.2 | 16.3.7 | 5.3.4 |
| 9 | 16.5.1 | 5.5.6 | 24.4.3 | 14.4.1 | 3.4.5 |
| 10 | 15.6.3 | 4.6.1 | 24.5.5 | 11.5.3 | 3.5.7 |
| 11 | 14.7.4 | 3.7.2 | 22.6.6 | 12.6.4 | 1.6.1 |
| 12 | 13.8.6 | 2.8.4 | 22.7.1 | 12.7.6 | 1.7.3 |

| 209 | 1041<br>1631-1632 | 1042<br>1632-1633 | 1043<br>1633-1634 | 1044<br>1634-1635 | 1045<br>1635-1636 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 30.7.4 | 19.7.2 | 8 .7 .6 | 27 .6 .3 | 17 .6 .1 |
| 2 | 29.8.6 | 18.8.4 | 7.8.1 | 27.7.5 | 17.7.3 |
| 3 | 27.9.7 | 16.9.5 | 5.9.2 | 25.8.6 | 15.8.4 |
| 4 | 27 .10.2 | 16 .10 .7 | 5 .10 .4 | 24.9.1 | 14.9.6 |
| 5 | 25 .11 .3 | 14 .11 .1 | 3 .11 .5 | 23.10.4 | 13 .10 .7 |
| 6 | 25 .12 .5 | 14. 12 .3 | 3.12.7 | 22.11.4 | 12.11.2 |
| 7 | 23 .1 .6 | 12 .1 .4 | 1 .1 .1 | 21.12.5 | 11.12.3 |
| 8 | 22 .2 .1 | 11 .2 .6 | 31 .1 .3 | 20. 1 .7 | 10 .1 .5 |
| 9 | 22 .3 .2 | 12 .3 .7 | 1 .3 .4 | 18. 2 .1 | 8 .2 .6 |
| 10 | 21 .4 .4 | 11 .4 .2 | 31 .3 .6 | 20. 3 .3 | 9 .3 .1 |
| 11 | 20 .5 .5 | 10 .5 .3 | 29.4 .7 | 18. 4 .4 | 7 .4 .2 |
| 12 | 19 .6 .7 * | 9.6 .5 | 29 .5 .2 | 18.5 .6 * | 7.5 .4 |

| 210 | 1046<br>1636 - 1637 | 1047<br>1637 - 1638 | 1048<br>1638-1639 | 1049<br>1639-1640 | 1050<br>1640-1641 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 5 .6 .5 | 26 . 5.3 | 15 .5 .7 | 4 .5 .4 | 23 .4 .2 |
| 2 | 5.7.7 | 25 .6 .5 | 14 .6 .2 | 3.6 .6 | 23 .5 .4 |
| 3 | 3.8.1 | 24.7.6 | 13.7.3 | 2.7.7 | 21 .6 .5 |
| 4 | 2.9.3 | 23.8.1 | 12.8.5 | 1.8.2 | 21.7.7 |
| 5 | 1 .10 .4 | 21.9.2 | 10.9.6 | 30.8.3 | 19.8.1 |
| 6 | 31 .10 .6 | 21.10 .4 | 10 .10 .1 | 29.9.5 | 18.9.3 |
| 7 | 29.11.7 | 19 .11 .6 | 8 . 11.2 | 28 .10 .6 | 17 .10 .4 |
| 8 | 29 .12 .2 | 19.12 .7 | 8. 12.4 | 27.11 .1 | 16 .11 .6 |
| 9 | 27 . 1.3 | 17 .1 .1 | 6 .1 .5 | 26 .12 .2 | 15 .12 .7 |
| 10 | 26.2 .5 | 16 . 2.3 | 5 .2 .7 | 25 .1 .4 | 14.1 .2 |
| 11 | 27 . 3.6 | 17 .3 4 | 6 .3 .1 | 23 .2 .5 | 12 . 2.3 |
| 12 | 26.4 .1 * | 16 .4 .1 | 5 .4 .3 | 24 .3 .7 * | 14.3 .5 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ژۇرنىلىمىزنىڭ 1986 - يىلىدىكى ھەر قايسى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مۇندەرىجىسى


ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش — جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.......................... ئىسلامجان شەرىپ (1 - سان 17 - بەت)

مىللىي ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم مەسىلە.......................... ھاكىم جاپپار (3 - سان 1 - بەت)

مەكتەپلەردە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا.......................... ئىسمائىل نىياز (3 - سان 9 - بەت)

ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ۋە مەنتىقىلىق ئىسپاتلاش.......................... ئابدۇۋەلى ھامۇدى (2 - سان 28 - بەت)

پەلسەپىدىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش لازىم.......................... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (3 - سان 19 - بەت)

قەلب گۈزەللىكى ۋە ئېستېتىك تەربىيە...مۇھەممەت تۇرسۇن سادىق (4 - سان)

مۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم.......................... ئىسمائىل نىياز (1 - سان 31 - بەت)

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۈچىنچى كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا.......................... خەلپىدىن مۇسايوپ (1 - سان 42 - بەت)

سىياسىي ئىقتىسادنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى توغرىسىدا.......................... داۋۇت ساۋۇت (2 - سان 38 - بەت)

پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى.......................... جالالىدىن پازىل (3 - سان 34 - بەت)

توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرەيلى.......................... جۇمەخۇن نىياز (4 - سان)

باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر.......................... تاماۋالدى ئەيسا (4 - سان)

سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسى.......................... شاۋشىيەن (1 - سان 69 - بەت)

«قىزىل قاغا مىڭ ئۆي» ئاتالغۇسى توغرىسىدا..........
..........مۇھەممەت داۋۇت (1 - سان 73 - بەت)
«ئوغۇزنامە»نىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى توغرىسىدا..........
..........غەيرەتجان ئوسمان (2 - سان 76 - بەت)
كوسەنشۇناسلىقنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلىرى..........
..........ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (2 - سان 114 - بەت)
قەدىمكى ئۇيغۇر خىرىستىيان يادىكارلىقلىرى..........
..........قاھار بارات (3 - سان 58 - بەت)
ياك زىپكشىن ۋە شىنجاڭدا ئىسلام دىنى..........
..........ۋېي چاڭخۇڭ (3 - سان 84 - بەت)
يەر ناملىرى ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر..........
..........ئابلىمىت روزى (3 - سان 108 - بەت)
ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش دەۋرى..........
..........فەن باۋلياڭ (4 - سان)
بەيبەنخۇ يېغىلىقى ۋە مېھرىبانلىق ۋاڭ..........ئابدۇللا ئەخمىدى (4 - سان)
ئىسلام تارىخ ئالىمى ئەل - تەبەرى..........ئابلىمىت روزى (4 - سان)
ھىجرىيە كالىندارىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ھېسابلاش ئۇسۇلى..........
..........ئابدۇقادىر ھاجى ياقۇبى (4 - سان)
مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەر-
كىنلىكىگە ئىگە.......... سەيپىدىن ئەزىزى (2 - سان 1 - بەت)
قانۇن ئىجراچىلىرى «بىر قولدا قۇرۇلۇشنى، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى
تۇتۇش» ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشى كېرەك..........راخمان نىياز (3 - سان 40 - بەت)
بەدىئىي زوق ۋە مىللىي ئەنئەنە..........سالى خۇدا بەردى (1 - سان 47 - بەت)
ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىستېتىك تەربىيە توغرىسىدا..........
..........مىرزىگۈل خۇدا بەردى (1 - سان 54 - بەت)
تاتار خەلقىنىڭ بۈيۈك دېموكرات شائىرى ئابدۇللا توقاي..........
..........غىلاجىدىن ئوسمان (2 - سان 7 - بەت)
بەدىئىي زوق ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتى بىلەن بولغان مۇ-
ناسىۋىتى.......... ئازاد سۇلتان (2 - سان 44 - بەت)
ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تەسۋىرىي ۋاستىلار توغرىسىدا..........
..........تۇرسۇن مەھەممەت ساۋۇت (2 - سان 87 - بەت)
ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئىلھام مەسىلىسى..........تۇرسۇن قۇربان (3 - سان 127 - بەت)
ئەقلىيە سۆزلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە..........

www.uyghurkitap.com

.......................ئەنەيتۇللا قۇربان (4 - سان)
جاپالىق يىللاردىكى جەڭگىۋار ئەدەبىيات..........................
.......................نۇرمەھەممەت زامان (4 - سان)
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى توغرىسىدا.........
.......................ئەشرەپ ئابدۇللا (4 - سان 58 - بەت)
ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئاتالغۇلارنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى
توغرىسىدا.......................ئابلەت روزى (1 - سان 78 - بەت)
لوگىكا، گراماتىكا ۋە ئىستىلىستىكىنىڭ مۇناسىۋىتى.........................
.......................رازاق مەتنىياز (1 - سان 91 - بەت)
يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى..........................
.......................مەتتۇردى مىرزەخمەت (1 - سان 108 - بەت)
ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما جۈملە.........راخمان خانبابا (1 - سان 123 - بەت)
رەڭ سۆزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىستىلىستىك رولى توغرىسىدا .......................
.......................شىرىن قۇربان (2 - سان 54 - بەت)
چىڭگىز ئايتماتوۋ ئىككى تىللىق بولۇشنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى
تەرەققىياتىدىكى رولىنى نامايەن قىلدى............چېن شۆشۈن (2 - سان 106 - بەت)
ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسىگە دائىر بەزى مەسىلىلەر..........................
.......................رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا (2 - سان 64 - بەت)
چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتى ۋە بۇ تىلدا يېزىلغان
ئەسەرلەر.......................ئابدۇرىشىت ئىسلامى (2 - سان 101 - بەت)
ئۇيغۇر تىلىدىكى يۈكلىمىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە رولى توغرىسىدا.................
.......................ئامىنە لىتىپ (4 - سان)
چاغاتاي تىلىنىڭ سىنتاكسىس جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرى...............
.......................ئابدۇرۇپ پولات (4 - سان)
«چاغاتاي تىلى»ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانى توغرىسىدا..................
.......................ئابلىمىت ئەھەت (4 - سان)
مائارىپ ئىقتىسادشۇناسلىقىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەيلى...............
.......................جۇمەخۇن نىياز (1 - سان 1 - بەت)
پەنلەر كىلاسسىفىكاتسىيىسى توغرىسىدا......مەمتىلى دائنى (3 - سان 46 - بەت)
يېڭى پەن - ئىختىساسشۇناسلىق ئىلمى.............شىرىن قۇربان (4 - سان)
مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتىدىكى رولى..........
.......................مۇختەر ئەبەيدۇللا (2 - سان 127 - بەت)

# «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) نىڭ ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغان ئالتە يىلدىن بۇيان، كۆپلىگەن ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە مەلۇم تەسىرگە ئىگە ژۇرناللاردىن بىرى بولۇپ قالدى. بۇنى مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتورلىرىمىزنىڭ قوللىشى، ماقالە بىلەن تەمىنلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ ئاپتورلىرىمىزغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز، ھەمدە بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ماقالە ئەۋەتىپ تۇرۇشىنى، ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن پىكىر - تەلەپ، تەنقىد بېرىپ تۇرۇشىنى سەمىمىي ئۈمىت قىلىمىز.

ژۇرنىلىمىز پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال. ئۇ تۆت ئاساسىي پرىنسىپ يېتەكچىلىكىدە ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش، ئىلىم - پەندە دېموكراتىيىنى، مۇھاكىمىدە ئەركىنلىكنى يولغا قويۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن ئىجتىمائىي پەننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مىللەتنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مۇشۇ مەقسەتتە، ژۇرنىلىمىز 1987 - يىلىدىن ئېتىۋارەن پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ماقالە قوبۇل قىلىشنى يولغا قويىدۇ.

قوبۇل قىلىنىدىغان ماقالىلار:

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، مەنىۋىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇھاكىمە ياكى نەزەرىيىۋىي ماقالىلار.

پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، قانۇن، تارىخ، مىللەت تەتقىقاتى، دىن تەتقىقاتى، تىل، ئەدەبىيات، سەنئەت، مائارىپ، باشقۇرۇش ئىلمى قاتارلىق پەنلەر ساھەسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلار.

ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى، قېرىنداش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت ئىزدى-

نىشلەر، ھەر خىل تارىخىي مىراس ۋە يادىكارلىقلار، تارىخىي شەخسلەر تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىياللار ۋە تارىخىي سۈرەت قاتارلىقلار قوبۇل قىلىنىدۇ. تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ پىكىرىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا تەرجىمە قىلىپ ئەۋەتكەن تەرجىمە ماقالىلار قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ماقالىنىڭ كۆز قارىشى ئېنىق، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك، پاكىت ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى تولۇق بولۇشى، ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە بولۇشى، پىكىر ئېنىق، جۈملىلەر راۋان، ئىخچام، خەتلىرى ئوچۇق بولۇشى، يېڭى ئىملا قائىدىسى بويىچە نەشرىيات ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كۆچۈرۈلۈشى، نەقىل سىتاتلارنىڭ ئېلىنغان ئورنى ئېنىق كۆرسىتىلىشى كېرەك.

تەھرىر بۆلۈمىمىز ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، يېڭى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان قىسقا ماقالىلارغا ئېتىۋار بىلەن قارايدۇ؛ ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارنىڭ مۇھاكىمىسىگە ئورۇن بېرىدۇ؛ ئۇزۇنراق يېزىلغان ماقالىلارنى ئاپتورنىڭ ئاساسىي كۆز قارىشىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا قىسقارتىپ ئىشلىتىدۇ. ئىشلىتىلگەنلىكى ماقالىغا بەلگىلىمە بويىچە قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ ھەمدە ژۇرنالنىڭ شۇ ساندىن ئۈچ پارچە تەقدىم قىلىنىدۇ. ئىشلىتىلمىگەن ماقالىلار (ئەڭ كېچىككەندە ئىككى ئاي ئىچىدە) ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ.

ئاپتورلىرىمىزدىن ئۆز ماقالىلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئورۇنغا تەڭ بەرمەسلىكىنى، شەخسلەرگە قارىتىپ ئەمەس، تەھرىر بۆلۈمىمىزگە قارىتىپ ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاپتورلىرىمىزغا رەھمەت!

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.

**JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY**

(Philosophy and Social Sciences, Uygur Edition)

No. 4 1986 (Total: No. 28)

**CONTENTS**

On Promoting Crosswise Economic Connections…………………… Jumahong Niyazi
A Talk on the Necessity of Reforming the Price System……… Tiliwaerde Aisha
Spiritual Beauty and Aesthetic Education ………………… Maimaitituerxun Shadike
A Brief Talk on Aphorisms……………………………………… Ainaitula Kuerban
Militant Literature in the Hard Times……………………… Nuermaimaiti Zhaman
Abuduhalike Uiguoer and His Enlightened Thought …………… Aixirefu Abudula
An Important Turning Point in the History of the Uygur Nationality
……………………………………………… Fan Baoliang
Bai Yanhu's Coming to Xinjiang and King Milibanu…………… Abudula Ahemaidi
The Origin of the Moslem Calendar and the Method of Conversion
……………………………………… Abudu Kadeer Aji
The Nature and Characteristics of words Indicating Mood in the Uygur Language
……………………………………………… Amina Litifu
A New and Developing Branch of Learning—the Science of Qualified Personnel
……………………………………………… Xiren Kuerban

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى
新疆大学学报（哲学，社会科学维文季刊）
(پەسىللىك ژۇرنال)

1986 - يىل 4 - سان
(ئومۇمى 28 سان)



قۇمۇلدىكى تەيىس خوجا مازىرى

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى پوچتاخانىلار
باسقۇچى: شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇدى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
ش. ئۇ. ئا. ر. ژۇرناللارنى تىزىملاش ئورنىنىڭ كىنىشكە نومۇرى: 321
ۋاكالەت نومۇرى: 13 — 58
باھاسى: 0.50 يۈەن